# مىللەتلەر ئىتتىپاقى

## UNITY OF NATIONALITIES



1

1993

# جۇڭگو ئۇيغۇر 12 مۇقامى پايتەختتە زىلزىلە پەيدا قىلدى



دۆلەت كومىسسارى لى تيېڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلدى



مۇئاۋىن ۋېيىيۈەنجاڭ سەيپىدىن ئەزىزى مۇقام مۇھاكىمە يىغىنىدا



دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد مۇقامنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك كۆرسىتىلگەنلىكىنى تەبرىكلىدى



مۇقام پايتەخت سەھنىسىدە



ئۇيغۇر مۇقام كۆرگەزمىسى پايتەخت ئاممىسىنى جەلپ قىلدى.

يۈەندۇڭ پىڭ، مايامىنى فوتوسى




بىز ھەممىدىن ياخشىسىنى تاللاپ بولالمايمىز،

ھەممىدىن ياخشىسى بىزنى تاللىسۇن.



كىشىلىك ھايات گويىا ئەپسانىۋى ھىكايە، ئۇنىڭ ۋەقەلىكى ئەگرى - توقاي، تەپسىلاتلىرى تولىمۇ مۇرەككەپ، ئاگاھ بولغىنكى، سەن ئۇنى ھەر قاچان ئوقۇيمۇ ئوقۇپ بولالمايسەن، بۇنىڭ بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرما، بولمىسا ھىكايەگنى ئۈزۈپ قويىسەن. بىلىشىڭ كېرەككى، بۇ ھىكايىنىڭ ئاپتورىمۇ، باش قەھرىمانىمۇ ئۆزۈڭ، كىتابخانلىرىم بولسۇن دېسەڭ، ئۆزۈڭمۇ ماھىر كىتابخان بول، ئۇنى قەتئىي داۋاملاشتۇر. ئۈمىدسىزلەنمە، «داغدام يول بولالمساڭ، چىغىر يول بولسائمۇ مەيلى.»

ھايات مانا مۇشۇنداق سىرلىق ۋە چەكسىز بىر جەريان. ئۇنى ئىسسىق قانلىرىڭ بىلەن يېزىپ چىق، سەبرى - تاقەت بىلەن ئوقۇ، جاسارەتلىك بول، «قوياشنى يوقىتىپ قويۇشتىن قورقساڭ، يۇلتۇزلىرىڭدىن ئايرىلىپ قالىسەن». زىنھارلىما، بىرلا قۇياش ھەممىلا جايغا ئۆز نۇرىنى ئوخشاشلا چېچىۋاتامدۇ. بەزىلەر ئالتۇن كاسىلار بىلەن ئېسىل شارابلارنى ئىچكەن ۋاقتىدا، سېنىڭ باغرىڭنى تاش ۋە قارا تۇپراققا يېقىپ ئىگىشىپ سۇ ئىچكىنىڭچىلىك لەززەت ئالغانمىدۇ؟ گەپ بۇنىڭدا ئەمەس، مۇھىمى ئۆز قەدرى- قىممىتىڭنى قانداق ئۇلۇغلىشىڭدا. ھايات شۇنداق بىر كومېدىيە، ئۇنىڭدا ھەر كىم ھەر خىل روللارنى ئالىدۇ، بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ قانداق رول ئېلىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ، بۇنىسى ئەڭ ئېچىنىشلىق. لېكىن، ئاخىرقى ھېسابتا ھەممىسى پۈتكۈل بىر ئويۇننىڭ بىر ھالقىسى سۈپىتىدە ئۆزىگە خاس ئورۇندا بىر - بىرىگە قاراپ ئاقىدۇ، ھەرىكەت قىلىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۆز سىماسىدا ئايرىم پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بەزىلەر مەھرۇم بولىدۇ، بەزىلەر ئېرىشىدۇ؛ بەزىلەر ھەددىدىن زىيادە ئېھتىياتچانلىقتىن بىر قەدەممۇ ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ؛ بەزىلەر يۇمران چوپلەردەك ئەۋرىشىملىشىپ باشقىلارنىڭ جۇۋىسىدا تەرلەيدۇ.

ئەمەلىيەتتە، كىشىلىك ھاياتنىڭ بۇ سەھنىسىدە، كۆرۈنۈشلەر ئالمىشىپ تۇرسىمۇ، ھىكايە قىلىنىۋاتقان ئاشۇ ئىشلار يەنىلا داۋاملىشىدۇ. سەن ئادەملەر، يەنىلا شۇ ئادەملەرنىڭ قانداق ياشاپ، قانداق ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇرسەن - دە، ئاندىن سەنمۇ ئۆزۈڭگە خاس ياشاش ۋە ئۆلۈش شەكلىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ كۆز ئالدىدا يا ئۇنداق، يا مۇنداق قىياپەت بىلەن ئورۇن ئالىسەن. ماكان ۋە زامانىنىڭ بۇ ئاچىلىدا، ھايات بىلەن ئۆلۈم ساڭا ئەڭ قىممەتلىك سۈرەت بىلەن مۇقىملىشىدۇ - دە، يا ئۆزۈڭنى بىردىنلا تاشلىۋېتىسەن، يا بىردىنلا نۇرلىنىپ كېتىسەن - دە، ئۆزۈڭنى ئۆز قەدر- قىممىتىڭ بىلەن كۆرۈپ يەتكەندەك بولىسەن. ئېسىڭدە بولسۇنكى، ئەيسا: «دۇنيانى پايدا ئېلىپ، ئۆزۈمنى ئۇنتۇرىۋەتكىنىمنىڭ نېمە پايدىسى» دېگەندە، «سىلەر زېمىننىڭ نۇرىسىلەر» دېيىشىنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىغان. بەزىدە بىز ئۇتتۇرۇۋېتىشلاردىن خالىي بولالمساقمۇ، لېكىن ئۆز تەممىزنى، ئۆز قەدر - قىممىتىمىزنى يوقىتىپ قويمىساقلا، يەنىلا دۇنياغا، ھاياتىمىزغا تەم ئاتا قىلالايمىز. ھايات شۇنداق بىر قەدەھ مەي، سەن ئۇنى ئىچسەن، ئاندىن باشقىلارغا ئىچۈرسەن، باشقىلار يەنە ساڭا ئىچىرىدۇ. قورقما، سەممىي بول، ئۆزۈڭنى ئالدىما، ئۆزۈڭنى قەدىرلەيمەن دېسەڭ باشقىلارنىمۇ قەدىرلەشنى بىل. «قول قولنى يۇسا، قول كېلىپ يۈزنى يۇيار.» قارا ھەممىلا ئادەم ئۆز ھاياتىنىڭ شىرىن مېۋىسى ئەمەسمۇ؟!



# مۇندەرىجە


## نەزەرىيە ۋە مۇھاكىمە

جۇڭگو مىللەت نەزەرىيىسىنىڭ يېڭى تەرەققىياتى ............ لىۇشيەنجاۋ (4)

ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىتوغرىسىدا بىرقانچە تەكلىپ ......خۇاڭ فېي (9)

زامانىۋى تېپتىكى مىللىي گۈللىنىشنىڭ مىقدار كۆرسەتكۈچى ھەققىدە تەسەۋۋۇر ........................................جاڭ تيەنلۇ (42)

## مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرى

ئون ئىككى مۇقام پايتەختتە .......................ئوبۇلقاسىم تۇرسۇن (15)

## تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات

جايلارنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.......................................جاڭ ۋېنفې (20)

## مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ

«يىپەك يولى»نىڭ قايتا ئېچىلىشى ۋە «تۆگە قۇشى» روھى .......................................ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن (25)

مىللىتىم ۋە گۈل ............................ ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت (47)

## بىلىۋېلىڭ

ئاكسىيە كاپىتالى قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ........مۇھەممەت قۇربان(27)

## ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدە

مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىدىكى گۆھەر - ئالاتاۋ ئېغىزى ........ ئەخمەتجان (29)

## مىللەتلەر قانۇنچىلىقى

مىللەتلەر قانۇنىنىڭ نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى كۈچەيتىش كېرەك...... (33)

## مىللەتلەر مائارىپى

مىللىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى .......................... مۇھەممەت قۇددۇس (35)






دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا چىقىدىغان سىياسىي، ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك ژۇرنال

باش مۇھەررىر :
ئىدرىس بارات
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر :
ئەكبەر ئىلى
نۆۋەتچى مۇھەررىر :
خەمىت نىغمەت






# مۇندەرىجە


**تەرمىلەر**

يومۇرلۇق قەبرە يادناملىرى ...............................................(41)

سىكانلارنىڭ مەنبەئەسى.............................................. (41)

ئۆزگىچە ئادەتلەر ................................................(40)

ئاق خوراز گۆشى بىلەن دىئابېت كېسىلىنى داۋالىغىلى بولىدۇ ...........(40)

**يېڭى ئىزاھلار**

سۆزلەرگە يېڭى ئىزاھ ................................................(49)

**تارىخي شەخسلەر**

بەرباب ماھىرى ـ ساۋمياۋدا ..................... ئابلىز مۇھەممەت سايرامى (50)

**دەردىڭگە دەرمان بولاي**

ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب ...............................................(55)

**دۇنيا مىللەتلىرى**

پارسلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى .............................. مۇراددىل(56)

**گۈلدەستە**

قاراڭغۇ ھاڭ (ھېكايە)............................ ئەخمەتجان ئوسمان(60)

ئىككى نەسىر...................................................... تاگور(63)


**فوتو سۈرەت گۈلزارى**

مۇقاۋىدا: كاچۇك قىزى ...............................نۇردۇن فوتوسى

2 ـ بەتتە: ئۇيغۇر مۇقامى پايتەختىدە.................. مايامىن فوتوسى

ئوتتۇرا بەتتە: بېيەك بولى گۈزەل ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدىن تاللانما

.................................................يالقۇن قاتارلىقلار سىزغان

ئابلىكىم ئەمەتنىڭ ھۆسن خەت ئەسەرلىرىدىن تاللانما ......................

3 ـ بەتتە: ئامانىنساخانىنىڭ ھەيكىلى ۋە قەبرە گاھى.. ......نۇردۇن فوتوسى

4 ـ بەتتە: ژۇرنىلىمىزغا مۇشتىرى توپلاشتىكى ئىلغار ئورۇن ۋە شەخسلەر

مۇكاپاتلاندى (خەۋەر 31 ـ بەتتە) ............... ئوبۇل، مۇختەر فوتوسى



جەمئى 26 ـ سان


«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرناللار

نەشرىياتى نەشر قىلدى

ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

(ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى

22 ـ قورو)پوچتا نومۇرى: 830000

«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا

بېسىلدى

تاق ئايلارنىڭ 25 ـ كۈنى نەشردىن

چىقىدۇ

دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئاشكارە

تارقىتىلىدۇ

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا

ئىدارىسى تارقىتىدۇ

ھەر يىلى 5 ـ ۋە 10 ـ ئايلاردا

جايلاردىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق

مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

ۋەكالەت نومۇرى: 117 ـ 58

خەلقئارالىق پوچتا ۋەكالەت نومۇرى

BM – 178 U






# جۇڭگو مىللەت نەزەرىيىسىنىڭ يېڭى تەرەققىياتى

لىيۇ شيەنجاۋ

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان ئۈچىنچى قېتىم مەركەز ئاچقان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى جۇڭگونىڭ مىللەت نەزەرىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا، ئۇنى يېڭىدىن چوڭقۇرلاشتۇردى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى. بۇ ئاساسلىقى ئىككى تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، بۇ قېتىم مەركەز ئاچقان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى جۇڭگونىڭ مىللەت نەزەرىيىسىنى، ئاساسلىقى سوتسىيالىزم قۇرۇش مەزگىلىدىكى مىللەت نەزەرىيىسى جەھەتتە ئەتراپلىق ۋە سىستېمىلىق يەكۈنلىدى.

پارتىيە ۋە دۆلەت بۇرۇنمۇ مىللىي مەسىلىنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن يەكۈنلىگەن، لېكىن ئاساسلىقى خىزمەت ۋە فاڭجېن، سىياسەت نۇقتىسىدىن يەكۈنلەنگەن ئىدى. بۇ قېتىم مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى مىللەت نەزەرىيىسى جەھەتتە ئەتراپلىق ۋە سىستېمىلىق يەكۈنلىدى دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇنى يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇردى ۋە ئەتراپلىق بولۇش خاراكتېرىگە ئىگە قىلدى، ئۇ، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالدۇ، ۋاقىت جەھەتتە سوتسىيالىزم قۇرۇش مەزگىلى مۇھىم نۇقتا قىلىندى. تارىخ ۋە كەلگۈسىمۇ نەزەردە تۇتۇلدى، قوللىنىلغان سۆزلەر دەل جايىدا ھەم ئىخچام بولدى. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى مۇنۇلار:

(1) باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ سۆزىدە دۆلىتىمىزنىڭ 40 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئاساسىي تەجرىبىلىرى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق يەكۈنلەندى، ئۇ مۇنداق دېدى: «ئەڭ ئاساسلىق تەجرىبىمىز شۇكى، پارتىيىمىز باشتىن - ئاخىر ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىسىنى جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش، ئىتتىپاق ئۆتۈش، ئۆز ئارا ياردەم بېرىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىدا مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ جۇڭگوچە توغرا يولىنى تېپىپ چىقتى.»

بۇ بىر ئابزاس سۆز ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، مۇكەممەل يەكۈن خاراكتېرىگە ئىگە.

(2) جياڭ زېمىننىڭ سۆزىدىكى پارتىيە نەچچە ئون يىللىق ئەمەلىيەت داۋامىدا «بىر قاتار ئاساسىي كۆز قاراش ۋە سىياسەتلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى» دېگەن بايانى جۇڭگونىڭ 40 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى مىللەت نەزەرىيىسىنى سىستېمىلىق يەكۈنلىدى، جياڭ زېمىن مىللىي مەسىلىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكى، سوتسىيالىزم مەزگىلىدىكى ھەر قايسى مىللەتنىڭ ئورتاقلىقى ۋە خاسلىقى، مىللىي مەسىلىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ ئومۇمىي مەسىلىسىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىشىشى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يېڭى دەۋردىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ئىكەنلىكى، ھەر قايسى مىللەتنى ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئورتاق گۈللەندۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ ئېلىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ تۈزۈم ئىكەنلىكى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش مىللىي مەسىلىنى ھەل

قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ئىكەنلىكى، مىللىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلغاندا، دىنىي سىياسەتنى ئىجرا قىلىشقا دىققەت قىلىشنىڭ لازىملىقى ۋە باشقا مەسىلىلەر ئۈستىدە توختالدى.

بۇ بايانلار بۇرۇن تىلغا ئېلىنغان مىللىي مەسىلىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەنلىك ۋە كونكرېت شەرھلىگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پارتىيە 13 - قۇرۇلتىيىنىڭ سىياسىي دوكلاتىدا: «ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەر قايسى مىللەتنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش — دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە» دەپ يىغىنچاقلانغان ئىدى. يولداش جياڭ زېمىن بۇ قېتىم مىللىي مەسىلىنىڭ مۇھىملىقىنى بايان قىلغان چېغىدا مۇنداق دېدى: مىللىي مەسىلە جەمئىيەتكە «زور تەسىر كۆرسىتىدۇ»، «دۆلەت بىرلىككە كەلسە، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولسا، سىياسەت، ئەمر-پەرمانلار راۋان ئىزچىللىشىدۇ، ئادەملەر ئىناق ئۆتىدۇ، ھەممە ئىشلار گۈللىنىدۇ؛ دۆلەت بۆلۈنۈپ كەتسە، مىللەتلەر جېدەل - ماجىرا قىلىشسا، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى قولدىن كېتىپ، دۆلەت ئاھانەتكە قالىدۇ، خەلق بالايىئاپەتكە ئۇچرايدۇ.» مىللىي مەسىلە دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە، بۇ مەسىلە 12 - قۇرۇلتاي ۋە 13 - قۇرۇلتايدىكىگە قارىغاندا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ شەرھلەندى ۋە تەكىتلەندى.

(3) يولداش لى پېڭ ۋە يولداش جياڭ زېمىننىڭ سۆزى بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، يولداش لى پېڭنىڭ سۆزىدە: «ھەر قايسى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت ئاساسىي جەھەتتىن خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت»، دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا كارخانا قۇرغاندا، «مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشنى نەزەردە تۇتۇشتىن ئىبارەت يېتەكچى ئىدىيىنى تۇرغۇزۇش كېرەك» دېگەن سۆز بار، بۇلارنىڭ ھەممىسى مىللەت نەزەرىيىسىدىكى ئىككى مەسىلىنى مۇھىم يىغىنچاقلاش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى، بۇ قېتىم مەركەز ئاچقان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى جۇڭگو مىللەت نەزەرىيىسىنى يېڭىدىن چوڭقۇرلاشتۇردى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى:

(1) «ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش — يېڭى دەۋردىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى.» (يولداش جياڭ زېمىننىڭ سۆزى) بۇ بىر يېڭى ئاتاش، يېڭى كۆز قاراش. بۇ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى مەسىلىسى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن يېڭى كۆز قاراش. يولداش دېڭشياۋپىڭ 1984 - يىلى «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش» دېگەن ماقالىسىدە: «سوتسىيالىزم باسقۇچىدىكى ئەڭ تۈپ ۋەزىپە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكى ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى كاپىتالىزمنىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ يۇقىرىراق، تېخىمۇ تېزرەك بولۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن بىزدە كەمچىلىك كۆرۈلدى دېيىلسە، ئۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بىر ئاز سەل قارىغانلىقىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سوتسىيالىزم نامراتلىقنى يوقىتىشى كېرەك. نامراتلىق سوتسىيالىزم ئەمەس، كوممۇنىزم تېخىمۇ ئەمەس. سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى پەيدىنپەي تەرەققىي قىلدۇرۇش، خەلقنىڭ ماددىي ۋە

مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى پەيدىنپەي ياخشىلاشتىن ئىبارەت» دەپ كۆرسەتتى. بۇ ئابزاس سۆزدە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ماركسىزمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى توغرىسىدىكى تەلىماتىنى تەرەققىي قىلدۇرغانلىقى يىغىنچاقلاپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

بۇ قېتىم يولداش جياڭ زېمىننىڭ «ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش — يېڭى دەۋردىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى» دېگەن كۆز قارىشى تېخىمۇ يۇقىرى بالداقتا كۆتۈرۈلگەن، تېخىمۇ مۇھىم، بەلكى تېخىمۇ ئېنىق، تېخىمۇ ئىخچام.

(2) مىللىي زىددىيەت مەسىلىسى توغرىسىدا، يولداش لى پېڭ سۆزىدە: «ھەر قايسى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت ئاساسىي جەھەتتىن خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دەپ كۆرسەتتى. بۇ، چوڭقۇرلاشتۇرۇپ قېلىپلاشتۇرۇلغان يىغىنچاقلاش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مىللىي زىددىيەت مەسىلىسى توغرىسىدا يولداش ماۋزېدۇڭ «خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىدە ئىككى خىل مىللەتچىلىك مەسىلىسىنى بايان قىلغاندا، مىللىي زىددىيەت مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «مەيلى چوڭ خەنزۇچىلىق بولسۇن ياكى يەرلىك مىللەتچىلىك بولسۇن، ھەر ئىككىسى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن پايدىسىز، بۇ — خەلق ئىچىدىكى تۈگىتىشكە تېگىشلىك بىر خىل زىددىيەت.» يولداش جۇئېنلەي چىڭداۋدا ئۆتكۈزۈلگەن مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە مۇنداق دېگەن: «بىزنىڭچە، ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ مەسىلىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مىللىي مەسىلىدىكى ئىككى خىل خاتا پوزىتسىيە، ئىككى خىل خاھىش (چوڭ خەنزۇچىلىق ۋە يەرلىك مىللەتچىلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ — ستات كەلتۈرگۈچىدىن) مەسىلىسى. — خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت مەسىلىسى، بۇنى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىش پرىنسىپى بويىچە ھەل قىلىش، يەنى ماۋجۇشى ئوتتۇرىغا قويغان فورمۇلا — مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئارزۇسىنى چىقىش قىلىپ، تەنقىد ياكى كۆرەش قىلىش ئارقىلىق، يېڭى ئاساستا ھەر قايسى مىللەتنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىتتىپاقلاشتۇرۇش مەقسىتىگە يېتىش كېرەك.»

بۇ قېتىم مەركەز ئاچقان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ مىللىي زىددىيەت توغرىسىدىكى بايانى ئىككى مىللەتچىلىك مەسىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك بولۇپ، ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە: 1) ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان دائىرىنى كېڭەيتتى، ئىككى مىللەتچىلىك بىلەن چەكلىنىپ قالماي، ئىككى مىللەتچىلىكنىڭ سىرتىدا يەنە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. 2) مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت ئىكەنلىكىنى، ئۇنى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت توغرا ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىشنىڭ لازىملىقىنى تەقىقلەشتۈرۈپ، خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇش مەسىلىسىنىڭ يەنە پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىمكانىيىتىنى تۇغدۇرۇپ بەردى. 3) «ئاساسىي جەھەتتىن» بولغان ئىكەن، ئۇ ئانتاگونىك زىددىيەت ۋە دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت خاراكتېرىنى ئالغان زىددىيەتنى، مەسىلەن، بىز بىلەن بۆلگۈنچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

(3) ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەسىلىسى توغرىسىدا يولداش جياڭ زېمىن سۆزىدە مۇنداق كۆرسەتتى: «ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ زور قوشۇنىنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈش مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ۋە مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى.» بۇ بۇرۇنقى ئاتاشقا قارىغاندا تېخىمۇ يىغىنچاق ۋە قېلىپلاشقان ئاتاش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مىللىي كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش مەسىلىسىنى ئازادلىقنىڭ دەسلىۋىدە يولداش ماۋزېدۇڭ مۇنداق دەپ شەرھىلىگەن ئىدى: «مىللىي مەسىلىنى تۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىش، مىللىي ئەكسىيەتچىلەرنى تامامەن يېتىم قالدۇرۇش ئۈچۈن، زور بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان كوممۇنىزمچى كادىرلار بولماي مۇمكىن ئەمەس.» 1985 - يىلى 5 - ئايدا، مەركىزىي كومىتېت مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىغان ئاپىي ئاۋاكجىنمېينىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» (لايىھە) ھەققىدە ئىزاھات» ىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش، سەپلەش «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتىكى تۈپ مەسىلە.» 1987 - يىلى 13 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇنداق كۆرسىتىلدى: «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە.» بۇ قېتىم ئېچىلغان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى «ئاچقۇچ» لۇق مەسىلە دەپ يىغىنچاقلىدى، بۇنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى شۇكى: 1) ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ئىكەنلىكى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، بۇ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئاپتونومىيىنى يولغا قويمىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان ئون رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 2) مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ئىكەن، ئۇ، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن دۆلەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىش، شۇڭا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەسىلىسىگە پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەت ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنىڭ سىرتىدا، يەنە ئىككى فاكجېن مەسىلىسى بار. بۇ ئىككى مەسىلە: 1) قۇرۇقلۇق چېگرىسىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، ئۇنى پىلانلىق، قەدەم - باسقۇچلۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇش. يولداش لى پېڭ سۆزىدە مۇنداق كۆرسەتتى: «چېگرا سودىسىنى پائال راۋاجلاندۇرۇش دۆلىتىمىزدە تاشقى سودىنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى، قۇرۇقلۇق چېگرىسىدىكى رايونلارنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش دۆلىتىمىزنىڭ پۈتكۈل ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. شارائىتى ھەر جەھەتتىن بىر قەدەر ياخشى بولغان چېگرا شەھەر - بازارلاردىن بىر نەچچىنى تاللاپ، ئۇنى ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ «كۆزنەك»ى قىلىش كېرەك؛ شارائىت ھازىرلانغان جايلار قەرەللىك ياكى قەرەلسىز ھالدا يەرمەنكە ئۆتكۈزسە بولىدۇ؛ مىللىي رايونلاردا چەت ئەل مەبلىغىنى كىرگۈزگەندە، «ئۈچ خىل مەبلەغ» كارخانىسى قۇرغاندا، ئومۇمەن دۆلەتنىڭ كەسىپ سىياسىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان تۈر بولسىلا، دېڭىز بويىدىكى رايونلاردىكىگە ئوخشاشلا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى قوللىنىش كېرەك. قىسقىسى، بىز چېگرىدىكى رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا دېڭىز بويىدىكى رايونلارنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئېتىبار بەرگەندەك ئېتىبار بېرىپ، زۆرۈر سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، چېگرا سودىسىنى ئەتراپىمىزدىكى

دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىساد - تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، چېگرىنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىپ، چېگرا رايوننىڭ مۇقىملىقى ۋە گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز، دۆلىتىمىزنىڭ ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان قوشنىدارچىلىق، دوستانە مۇناسىۋەتنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.» بۇ ئابزاس بايان ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

2) دۆلەتنىڭ مىللىي رايونلاردا تەبىئىي بايلىقنى ئېچىش، كارخانا قۇرۇش مەسىلىسى، يولداش جياڭ زېمىن سۆزىدە مۇنداق كۆرسەتتى: «ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا كارخانا قۇرغاندا، ھەققىي ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى شۇ كارخانىدا مەلۇم نىسبەتنى ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ھەمدە ئۇلارنى تەربىيىلەش ۋە ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىش لازىم. شۇ جايىنىڭ بايلىق مەنبەسىنى ئاچقاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى چوقۇم ئىقتىسادنى نەپكە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك.» يولداش لى پىڭ سۆزىدە مۇنداق كۆرسەتتى: دۆلەت ۋە ئالاقىدار تارماقلار مىللىي رايونلاردا بايلىق ئاچقاندا، زاۋۇت، كارخانا قۇرغاندا ۋە ھەر خىل تۈرلەرنىڭ بازىلىرىنى قۇرغاندا، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشنى نەزەردە تۇتۇش يېتەكچى ئىدىيىسىنى ئورنىتىشى كېرەك. بۇ، دۆلەتنىڭ مىللىي رايونلاردا كارخانا قۇرۇش فاڭجېنىدىكى مۇھىم بىر يېڭى تەرەققىيات، بۇ تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈپ، تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان فاڭجېن بولۇپ، دۆلەتنىڭ مىللىي رايونلاردا كارخانا قۇرۇش ۋە يەرلىكنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە. (ياسىن خاتىپ. ت)

## كۇچا ئۆرۈكى

كۇچادا مېۋە - چېۋە كۆپ، ئەڭ داڭلىقى ئۆرۈك. كۇچانىڭ ئۆرۈك ئۆستۈرۈش تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن، «ئۇلۇغ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە كۇسەندە «نەشپۈت، ئالما، شاپتۇل، ئۆرۈك كۆپ» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان. باغۋەنلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەت تاللاپ يېتىشتۈرۈشى، ناچارلىرىنى شاللاپ، ئەلالىرىنى ئۆستۈرۈشى ئارقىلىق، بۈگۈنكى كۈندە 23 خىل سورت يارىتىلدى. ئاساسلىق ئۆستۈرۈلىدىغانلىرى ياغلىق ئۆرۈك، بۇ پارقىراق بولۇپ، ئېتىدىنىمۇ، مېغىزىدىنمۇ پايدىلانغىلى بولىدۇ. سۈپىتى ئەڭ ياخشىلىرى ئاق كىشمىش، مانتا ئۆرۈك، قاپاق كىشمىش، قىزىل قۇممەت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئاق كىشمىش ئاق ئۆرۈك دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ سۈپەت جەھەتتە ئۆرۈكلەرنىڭ تاجى ھېسابلىنىدۇ. پارقىراق، ئېتى نېپىز، سۇلۇق، تالاسى ئاز بولۇپ، تەركىبىدە شېكەر ماددىسى كۆپ، ھەر بىر دانىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 18.8 گرام كېلىدۇ؛ مانتا ئۆرۈكنىڭ ھەر بىر دانىسى 42.2 گرام كېلىدۇ، ئېتى قېلىن، سۇلۇق، ئاچچىق - چۈچۈك كېلىدۇ، رەڭگى سېرىق ۋە قىزىل بولۇپ، ناھايىتى كۆركەم.

6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 7 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە ئۆرۈك پىشىقى بولۇپ، كۈن نۇرى كۈنىگە 14 سائەت چۈشىدۇ. كېچە - كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى 12 — 16 بولۇپ، شېكەر تەركىبىنىڭ جۇغلىنىشىغا ھەم گۆلە سېلىشقا پايدىلىق. گۆلە سېلىش ئۇسۇلى ئوخشىمىغاچقا، گۆللەرمۇ قارا قاق، ئىسلاق قاق ۋە مېغىزلىق قاق دەپ ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ساياھەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ياۋروپالىقلار، ئامېرىكىلىقلار، ياپونلار ھەۋەس بىلەن ئۆرۈك، گۆلە يەپ، ئۆرۈكچا چاقىدىغان بولدى.

# ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدا بىر قانچە تەكلىپ

خۇاڭ فېي

3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىش ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدە يېڭى يول ئېچىلىپ، يېڭىلىق يارىتىلىپ، زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ھازىر ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى كۈنسېرى يۇقىرى ئۆرلەپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تېز ئۆسمەكتە. بۇ ھەقتە، ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرى خۇشاللىق بىلەن: «بۇ مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ 50 - يىللاردىن كېيىنكى يەنە بىر ئەڭ ياخشى دەۋرى»، «ئىككىنچى باھارى» بولدى، دېيىشمەكتە. بۇ، ئەمەلىيەتكە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن باھا. بىراق، مېنىڭ قارىشىمچە، ئەگەر بىز مىللەتلەر خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى بىر خادىم بولۇش سالاھىيىتىمىز بىلەن ئەستايىدىل پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئۆزىمىز ئىشلەۋاتقان خىزمەت نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىپ كۆرسەك، ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدە يەنىلا بەزى يېتەرسىزلىكلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. تۆۋەندە مەن ئۆز خىزمەتلىرىمدىن ئالغان بەزى تەسىراتلىرىمغا ئاساسەن، تېخى خامراق بولسىمۇ بەزى قاراشلىرىم بىلەن پىكىرلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن، قاراشلىرىم بىلەن پىكىرلىرىمنىڭ ھەممىسىنىڭ توغرا بولۇپ كېتىشى ناتايىن. شۇنداق بولسىمۇ، مىللەتلەر خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى يولداشلارنىڭ پايدىلىنىشىغا بولار.

مېنىڭچە، ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدىكى يېتەرسىزلىكلەر ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

1. مىللەتلەر خىزمىتى ناھايىتى زور دەرىجىدە پاسسىپ ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئۇزۇندىن بۇيان يولغا قويۇلۇپ كەلگىنى «مەركەز مالىيە جەھەتتە قوشۇمچە ياردەم بېرىدىغان، نامۇۋاپىق قىممەتتە يۆتكەپ كېتىدىغان مەھسۇلات ئىقتىسادى» بولۇپ، قىممەت قانۇنىغا خىلاپ بولغان بۇ تۈزۈلمە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ قويغان ئىدى. شۇڭا، بۇ خىل تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتمەي بولمايدۇ. بىراق، بۇ خىل كونا تۈزۈلمە ئىچىدىكى مەلۇم تەدبىرلەر، مەسىلەن، نامرات، ئارقىدا قالغان رايونلارغا مالىيەدىن كۆپلەپ قوشۇپ بېرىش، ئۆسۈم پىرسەنتى ۋە باج پىرسەنتىگە ئېتىبار بېرىشنى يولغا قويۇش، شۇنىڭدەك، ئىقتىسادتىن ھالقىغان ۋاستە ئارقىلىق ئۇيۇشتۇرۇلغان كەسپلەر بويىچە ياردەم بېرىش ۋە يۆلەشتەك چارە - تەدبىرلەر ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئىقتىسادىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشتىمۇ ناھايىتى زور رول ئويناپ كەلگەن ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەر قايسى رايونلارنىڭ ئىقتىسادى ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش فاڭجېنىنى يولغا قويۇشقا ئەگىشىپ كۈنسېرى جانلاندى. نۇرغۇن زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. بۇ ئۆزگىرىشلەر ئىچىدە كۆرۈنەرلىك يۈزلىنىش شۇكى، رايونلار ئارىسىدىكى پەرق بىلەن تەرەققىيات جەھەتتىكى پەرقتىن پەيدا بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ يېڭىباشتىن بىرىكىشىدە مەبلەغ ۋە ماددىي ئەشيالار مەبلەغ سېلىشقا شارائىتى يار بېرىدىغان جايلارغا ئېقىپ كېتىدىغان، ئىختىساس ئىگىلىرى تۇرمۇش شارائىتى ياخشى، تەمىناتى يۇقىرى جايلارغا ئىنتىلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئۆزگىرىش ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا پايدىسىز

تەسىر پەيدا قىلدى. مىللەتلەر خىزمىتىدىكى بۇ خىل يېڭى ئەھۋال، يېڭى ئۆزگىرىشلەر ئالدىدا بىز تېز ئۈنۈم بېرەلەيدىغان چارە ۋە تولۇقلاش تەدبىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئەسلىدىكى ئېتىبار بېرىش سىياسىتى بىلەن ئىقتىسادتىن ھالقىغان ۋاستىلەرنىڭ ئورنىغا دەسسىتەلمىدۇق. شۇڭا، مىللەتلەر خىزمىتى ناھايىتى زور دەرىجىدە قىيىن ئەھۋالدا ۋە پاسسىپ ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ.

2. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» بىلەن ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان تۈزۈلمىنىڭ زىددىيەتلىكلىكى.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» — پارتىيىمىز مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ياراتقان ئالاھىدە ۋاستە. ئەمەلىيەت ئۇنىڭ ئىنتايىن توغرىلىقىنى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بىراق، ئەمەلىيەتتە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە بىلەن مەملىكىتىمىزدە ھازىر يولغا قويۇۋاتقان تۈزۈلمە ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زور زىددىيەت مەۋجۇت، بۇ زىددىيەت 1984 - يىلى بۇ تۈزۈم قانۇنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى. ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىي تۈزۈلمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى مەركەزنىڭ ھوقۇقى كۈچلۈك، يەرلىكنىڭ ھوقۇقى ئاجىز (ئىسلاھات باشلانغاندىن بۇيان بۇ خىل ھالەتتە گەرچە قىسمەن ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا يەنىلا بۇرۇنقىدەك). «ئاپتونومىيە قانۇنى» گەرچە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ناھايىتى زور خوجايىنلىق ھوقۇقى بەخش ئەتكەن بولسىمۇ، مەركەز چۈشۈرگەن سىياسەتلەر مىللىي رايونلارنىڭ ئاپتونومىيە قانۇنى بىلەن ھەمىشە زىتلىشىپ قالىدۇ، زىتلىشىشنىڭ نەتىجىسىدە ھامان مەركەزنىڭ سىياسەتلىرى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ، ئاساسىي قانۇندىن قالسا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان ئاپتونومىيە قانۇنى بولسا ھامان يول قويىماي ئامال يوق. بۇنىڭدىن، قانۇن سىياسەتچىلىك بولالماسلىقتەك زىددىيەتلىك ھادىسە شەكىللىنىپ قالدى. بۇ خىل تۈزۈلمە جەھەتتىكى زىددىيەتلەر مىللەتلەر خىزمىتىمىزگە زور زىيانلارنى كەلتۈردى.

3. تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا مىللىي رايونلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە سەل قارالدى.

1984 - يىلى ئېلان قىلىنغان «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» دا: «ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى قانداق ئېلىپ بېرىش مەسىلىسىدە، شۇ رايونلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە تېخىمۇ تولۇق ئويلىشىش كېرەك» دەپ كۆرسىتىلگەن. ۋەھالەنكى، بۇ بىر قانچە يىلدىن بۇيان بۇ مەسىلىگە ئېغىر دەرىجىدە سەل قارىلىپ كەلدى. بۇ خىل سەل قاراش ئاخىرى كېلىپ مىللىي رايونلار مەنپەئىتىنىڭ ئىسلاھات جەريانىدا ئۈزلۈكسىز زىيان تارتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

مەسىلەن: «مالىيەدىن ئاجراتقان پۇلنى بانكىدىن قەرز ئېلىشقا ئۆزگەرتىش» سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئۆسۈم پىرسەنتى يولغا قويۇلدى. بۇنىڭ بىلەن، بىر قەدەر باي رايونلار ئاسان قەرز پۇل ئالالايدىغان، ئارقىدا قالغان مىللىي رايونلارنىڭ قەرز پۇل ئېلىشى ئەكسىچە تېخىمۇ قىيىنلىشىپ كېتىدىغان ھەتتا ئامانەت پۇل بىلەن قەرز پۇلدىكى پەرق سوممىسى سىرتقا ئېقىپ كېتىدىغان، مەبلەغقە قانچىكى مۇھتاج جاينىڭ مەبلەغلىرى ئەكسىچە سىرتقا ئاقىدىغان پايدىسىز ۋەزىيەت شەكىللىنىپ قالدى. كېيىنچە يولغا قويۇلغان «قىسىش سىياسىتى» گەرچە پەۋقۇلئاددە چارە بولسىمۇ پەرقلەندۈرمەي مەملىكەت بويىچە بىر تاياقتا ھەيدەش ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. نەتىجىدە، بالدۇر ۋە تېز تەرەققىي قىلىپ، تېز يېتىلىۋاتقان شەرقىي رايونلاردىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى «قىسىش سىياسىتى» گە بىر قەدەر

كۈچلۈك ماسلىشىۋالدى، غەربتىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى بولسا تەرەققىياتقا ئەمدىلا قەدەم تاشلىشى بىلەن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە مەھسۇلات قۇرۇلمىلىرىنى تەڭشىشى قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى.

«پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش» سىياستى ئومۇملاشتۇرۇلغان چاغدىمۇ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن باج نىسبىتى يولغا قويۇلۇپ، پايدا ۋە باج نىسبىتى بىر قەدەر تۆۋەنرەك بولغان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى سودا - سانائەتنىڭ تەرەققىيات ئىقتىدارىنى قاتتىق ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. نۇرغۇن كارخانىلارنىڭ مۇكاپات سوممىسى ۋە پاراۋانلىق فوندى چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا ھېچقانچە مەبلەغ قالمىدى. زاپاس مەبلەغدىن ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

ئىسلاھاتتا ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئالاھىدىلىككە سەل قارالغانلىقتىن، ئىلگىرى يولغا قويۇلۇپ، ئۈنۈم بەرگەن ئېتىبار بېرىش چارىلىرى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى. مەسىلەن: مىللىي سودا كارخانىلىرىغا قارىتىلغان «ئۈچ تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش» سىياستىنىڭ ھازىر پەقەت نامىلا قالدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان نامرات رايونلاردا يولغا قويۇلغان تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈمىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى. بۇلار ئاخىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا زور قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدىكى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن يېتەرسىزلىكلەرنىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدا تەھلىل.

مىللەتلەر خىزمىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان بىر تۈرلۈك خىزمەت. ئۇ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيەدىن، دىپلوماتىيە قاتارلىق نۇرغۇن ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مىللەتلەر خىزمىتى يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئىلمىيلىكى ناھايىتى كۈچلۈك خىزمەت بولۇش سۈپىتى بىلەن مىللەتشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق، سىياسەتشۇناسلىق، ئىقتىسادشۇناسلىق، قانۇنشۇناسلىق، تارىخشۇناسلىق، پېداگوگىكا، تىل - يېزىقشۇناسلىق، دىنشۇناسلىق، ئېتنوگرافىيە قاتارلىق نۇرغۇن پەنگە چېتىلىدۇ. شۇڭا، مىللەتلەر خىزمىتى ئەمەلىيەتتە بىر تۈرلۈك نورمال خىزمەت بولۇش بىلەن بىرگە ئۇ يەنە ئىنتايىن مۇرەككەپ سىستېما قۇرۇلۇشى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مىللەت تەركىبى كۆپ، تارقالغان رايونى كەڭ، نوپۇسى كۆپ (گەرچە ئومۇمىي ئاھالىنىڭ يەتتە پىرسەنتىنى ئىگىلىسىمۇ، مۇتلەق سانىنى ئازدېگىلى بولمايدۇ)، مىللەتلەر ئارا پەرق زور بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغاچقا، مىللەتلەر خىزمىتى تېخىمۇ مۇرەككەپلىك ۋە مۇشكۈللۈككە ئىگە.

مەملىكىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدىن قارىغاندا مەركەزنىڭ مەمۇرىي تارماقلىرى ئىچىدە مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىلا مىللەتلەر خىزمىتىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل. بىراق، ئەمەلىيەتتە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەر ئۆز كەسپىي دائىرىسىدە مەركەزدىكى ئالاقىدار فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ باشقۇرۇشىغا قارايدۇ. بۇ فۇنكسىيىلىك تارماقلار ئىچىدىكى ئاز بىر قىسىم مىنىستىرلىك ۋە كومىتېتقا مىللەتلەر خىزمىتىگە مەسئۇل مەھكىمە، ئىدارىلار (بۇلارنىڭ فۇنكسىيىسىمۇ ناھايىتى چەكلىك) تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، كۆپ بىر قىسىم مىنىستىرلىك ۋە كومىتېتلاردا مىللەتلەر خىزمىتىنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس ئورگان - ئاپپاراتلار يوق. بۇ خىل ئەھۋالمۇ، مىللەتلەر خىزمىتىگە مۇرەككەپلىك ۋە مۇشكۈللۈك پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە يەنە ئىنتايىن ئاجىزلىق

مەۋجۇت. ھازىرقى ئەھۋال، مەركەزدىكى ھەر قايسى فۇنكسىيىلىك تارماقلار كەسىپلەر بويىچە پۈتۈن مەملىكەتكە توغرا يۆنىلىشلىك باشقۇرۇش يۈرگۈزىدۇ. ئۇلار مەسىلە ئۈستىدە ئويلاشقاندا كۆپىنچە ئۆز تارمىقى ۋە ئۆز سىستېمىسىنىڭ مەنپەئەتىدىن چىقىپ، ھەمىشە ئۆز سىستېمىسىنىڭ مۇۋاپىق بولۇشى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىگىلا ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇڭا، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە سەل قاراش خاھىشى ئاسانلا پەيدا بولىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورۇن بولغان مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى ئامالىنىڭ بارىچە قوغداپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئورنى ۋە نوپۇزىنىڭ چەكلىك بولۇپ قېلىشى تۈپەيلىدىن (ئۇنىڭ ئۈستىگە، باشقا مىنىستىرلىك ۋە كومىتېتلار بىلەن كەسپىي ئالاقىسى ۋە ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە چېتىلىش دەرىجىسى يېتەرلىك ئەمەس) ئاجىز كېلىپ قېلىۋاتىدۇ، ھەممىگە تەڭ يېتىشەلمەيۋاتىدۇ. مەسىلىلەرنى ھەمىشە بولغۇلۇق بولۇپ بولغاندا ئاندىن سېزىۋاتىدۇ. يەنە مۇشۇ سەۋەبتىن مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشى ۋە سەۋەنلىكلەرنى تۈزىتىشى ئىنتايىن قىيىن بولۇۋاتىدۇ. مەسىلەن، مىللىي سودا تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى پىلان كومىتېتى، مالىيە، باج، بانكا، ماددىي ئەشيا باشقۇرۇش، تاشقى سودا قاتارلىق بىر تالاي تارماقلارغا چېتىلىدىغان بولغاچقا، يولغا قويۇش تەس بولۇۋاتىدۇ.

يەرلىكنى ئېلىپ ئېيتساق، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ گەرچە ئاپتونومىيە قانۇنىدىن ئىبارەت بۇ «تىلتۇمار»ى بولسىمۇ، ئۇنىڭ مەركەز ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقان ماكرولۇق باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى بىلەن زىددىيەتلىك جايلىرى بولغاچقا، نۇرغۇن ماددىلىرى ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرالمايۋاتىدۇ. مەركەزنىڭ ماكرولۇق باشقۇرۇشى ئۇنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشىنى ۋە يەرلىكنىڭ بويسۇنۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلارغا بەرگەن خوجايىنلىق ھوقۇقى ئۇلارنىڭ يۇقىرىنىڭ سىياسەتلىرىنى «ئىجرا قىلىشنى توختىتىشى» ۋە ياكى «باشقىچە يول ئارقىلىق ئىجرا قىلىش»قا يول قويىدۇ، مانا بۇنىڭ ئۆزىلا ناھايىتى زور زىددىيەت. بۇ زىددىيەت گەرچە ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ يەنىمۇ ئەمەلىيلىشىشىگە ئەگىشىپ سەل پەسەيگەن بولسىمۇ لېكىن مەمۇرىي تارماقلارنى ئىخچاملاشتۇرۇپ ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ بېرىشنى بەلگە قىلغان يېڭى تۈزۈلمە كونا تۈزۈلمىنىڭ ئورنىغا دەسسەشتىن ئىلگىرى، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا يۇقىرىدىن تۆۋەنگە يۆنىلەنگەن زورلۇق خاراكتېرىدىكى تەدبىرلەردىن ئىبارەت غەيرىي نورمال ھادىسىدىن ساقلىنىش ئىمكانىيىتى بولۇشتىن ئىلگىرى بۇ زىددىيەتنىڭ تۈپتىن ھەل بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ئەمدى، ئىسلاھات بىلەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان سىياسەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرگە قاراپ باقايلى. ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھاتى ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە مۇشكۈل، ئىسلاھاتنىڭ پۈتكۈل جەريانى مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ. بۇ جەرياندا باشتىن - ئاخىر سەكرەش، تۇراقسىزلىق ۋە تولۇق بولماسلىقتەك ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. لېكىن ئۇزۇندىن بۇيان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا شەكىللەندۈرگەن بىر يۈرۈش ئېتىبار بېرىش سىياسىتىمىز بولسا مۇقىملىقنى، ئۇدا بولۇشنى ۋە ئۇزۇنغىچە داۋاملىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، ئىسلاھات بىلەن ئېتىبار بېرىش سىياسىتىمىز ئوتتۇرىسىدا يېڭى زىددىيەت پەيدا بولدى. ئىسلاھات ئەسلىدىلا كونا تۈزۈمگە، جۈملىدىن، كونا تۈزۈمنىڭ مۇۋاپىق بولۇۋاتقان جايلىرىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. يەنە كېلىپ بىزنىڭ ئېتىبار بېرىش سىياسىتىمىز «قالاقلىقنى

قوغداش» بىلەن ئازدۇر - كۆپتۇر مۇناسىۋىتى بار. مانا بۇ ئىسلاھاتىمىزغا ناھايىتى يۇقىرى تەلەپنى قويىدۇ، يەنى، ئىسلاھاتنى ئېلىپ بېرىش، كونا سىياسەتلەرنىڭ مۇۋاپىق بولغان جايلىرىنى ساقلاپ قېلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئەمما بىزنىڭ ئىسلاھاتىمىز دەل مۇشۇ ئىككى نۇقتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالماي ئاددىيلاشتۇرۇپ قويىدۇ. نەتىجىدە، ئىسلاھات جەريانىدا ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەيدىغان بىر قاتار تەدبىرلەر مەيدانغا چىقىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى زور قىيىنچىلىققا دۇچار قىلدى، مىللەتلەر خىزمىتىمىزنىمۇ قىيىنلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە قارىتا بىر قانچە تەكلىپىم:

1. مىللەتلەر خىزمىتى توغرۇلۇق سىياسەت بەلگىلەشكە دائىر مەسلىھەت بېرىش سىستېمىسى قۇرۇش كېرەك.

مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ كۆپلىگەن ئىلىم - پەن دائىرىسىگە چېتىلىدىغانلىقى، ئىلمىيلىكىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، شۇنىڭدەك ئىنتايىن مۇرەككەپلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، مىللەتلەر خىزمىتى توغرۇلۇق سىياسەت بەلگىلەشكە دائىر مەسلىھەت بېرىش سىستېمىسى قۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تولۇق ئويلىشىش ئارقىلىق، بەلگىلەنگەن سىياسەتنىڭ ئىلمىيلىكىنى ئاشۇرۇش كېرەك. بۇ، سىياسەت بەلگىلىگەندە ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەشتەك يېتەرسىزلىكنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىشتا ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسلىھەت بېرىش سىستېمىسى بىر قەدەر يۇقىرى نوپۇزغا ئىگە بولۇشى، ئۇنىڭ فۇنكسىيىسى ئاساسلىقى مىللىي رايونلارنىڭ مەنپەئەتىدىن چىقىپ، مەركەزنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىنىڭ سىياسەت بەلگىلىشىگە مەسلىھەت بېرىش ۋە ئۇلار بەلگىلىگەن سىياسەتلەرنى نەزەرىيە جەھەتتىن دەلىللەش، شۇ ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان سىياسەتلەرنى يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرى تۈزىتىۋالغىلى ياكى باشقىچە يول تۇتۇش ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ (بۇ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك رايونلارنىڭ تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە «ئىجرا قىلىشنى توختىتىش» ياكى «باشقىچە يول ئارقىلىق ئىجرا قىلىش» دىن تېز ئۈنۈم بېرىدۇ)، مەسلىھەت بەرگۈچى خادىملار مىللەتشۇناسلىق ئىلىم ساھەسىدىكى ئالىملاردىن، مىللەتلەر خىزمىتى بىلەن ئالاقىسى بولغان تارماقلاردىكى كادىرلاردىن تەركىب تېپىشى كېرەك. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلسىمۇ بولىدۇ. بۇ خىل مەسلىھەت بېرىش جەريانى سىياسەت بەلگىلەشتىن ئىلگىرى جەزمەن بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك باسقۇچ سۈپىتىدە مۇقىملاشتۇرۇلۇشى لازىم.

2. مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ماسلاشتۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش كېرەك.

مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ تۈرگۈن تارماقلارغا چېتىلىدىغانلىقى ۋە ئۆزىگە خاس مۇشكۈللۈكىنى، مۇرەككەپلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، نۆۋەتتىكى رەھبەرلىك بىلەن باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ كۆپ باشلىقلىقىنى ۋە تارقاق ھالىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ماسلاشتۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش لازىم. بۇ خىل كۈچەيتىشنى كومىتېتىمىزنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىش ۋە كېڭەيتىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ، گوۋۇيۈەن ئىچىدە مەخسۇس ماسلاشتۇرۇش ئاپپاراتى قۇرسىمۇ بولىدۇ، مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ماسلاشتۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ رولىنى كۈچەيتىش بىرىنچىدىن ھەر قايسى تارماقلارنىڭ كۈچىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە ماسلاشتۇرۇپ، مىللەتلەر خىزمىتىدە پەيدا بولغان ۋە بولۇۋاتقان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا، ئۈنۈملۈك يوسۇندا ھەل قىلىشقا پايدىلىق

بولسا، ئىككىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا قارىتا يولغا قويۇلغان ئالاھىدە ئۇسۇل ۋە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقىپ، نۆۋەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مىللەتلەر خىزمىتىگە ھەممە ئادەم ئارىلىشىۋالىدىغان، سىياسەت يۈرۈشلەشمىگەن، يولغا قويۇشمۇ بىردەك بولمايۋاتقان نۇقسانلارنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىشقا پايدىلىق.

3. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى مەخسۇس باشقۇرىدىغان ئورگان تەسىس قىلىش كېرەك.

ئېلىمىز تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ تۈزۈن مۇددەتلىك ھەم مۇرەككەپ خىزمەت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئىسلاھاتىنىڭ ناھايىتى زور ئايرىمچىلىققا ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى مەخسۇس باشقۇرىدىغان ئورگان قۇرۇش كېرەك. بۇ ئورگاننىڭ فۇنكسىيىسى ئىسلاھات ۋەزىيىتىدە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا قارىتىلغان، ئۈنۈمى كۆرۈلگەن ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى قانداق قىلغاندا ساقلاپ قالغىلى ۋە يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىپ، مۇۋاپىق چارە - تەدبىر تۈزۈپ چىقىش؛ قانداق قىلغاندا ھەم دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا مۇۋاپىق ئېتىبار بەرگەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدىغان، ھەم ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇشنى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدىغان بىر خىل تۈزۈلمە ئۈستىدە ئىزلىنىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش؛ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى قانداق قىلىپ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئومۇمىي ئىسلاھات يۈزلىنىشى بىلەن ئورگانىك ۋە مۇۋاپىق ھالدا بىرلەشتۈرۈش ئۈستىدە ئىزلىنىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئورگان يەنە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئىسلاھات سىناق نۇقتىسى قۇرۇپ مۇۋاپىق كېلىدىغان تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىشى ۋە كېڭەيتىشى كېرەك. (داۋۇت ساۋۇت ت)

## چەت ئەللەردىكى يېڭى يىل كۈنلىرى توغرىسىدا قىزىقارلىق پاراڭلار

پەسىل قۇشلىرى يېڭى يىل كۈنى — ھىندونېزىيىدىكى كايلاشلار پەسىل قۇشلىرىنى يىل ھېسابلاشنىڭ ئۆلچىمى قىلىدۇ، بىر يىل جەريانىدا ئەڭ دەسلەپكى پەسىل قۇشلىرىنىڭ ئۇچۇپ كەلگەن ۋاقتىنى يېڭى يىل كۈنى — يېڭى يىلنىڭ بىرىنچى كۈنى دەپ بىلىدۇ.

قار ئۇچقۇنداش يېڭى يىل كۈنى — شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسى بىلەن شىمالىي مۇز ئوكيان قىرغاقلىرىدا ئولتۇراقلاشقان ئېسكىمۇسلار قارلار تۇنجى قېتىم ئۇچقۇنداپ (لەيلەپ) چۈشكەن كۈننى يېڭى يىلنىڭ باشلىنىشى قىلىدۇ.

يامغۇر پەسلى يېڭى يىل كۈنى — ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىدىكى بەزى دۆلەتلەر يامغۇر پەسلى باشلانغان تۇنجى كۈننى يېڭى يىل كۈنى قىلىدۇ. ئافرىقىدىكى ئۇگاندادا يىلدا ئىككى قېتىم يامغۇرلۇق پەسىل بولغاچقا، بۇ، ئۇلارنىڭ يىلدا ئىككى قېتىم يېڭى يىل ئۆتكۈزۈشىگە سەۋەب بولغان.

ئاي يېڭى يىل كۈنى — سۇرىيىلىك دېھقانلار 9 - ئايدىكى ئاي يۇملاق بولغان كۈننى يېڭى يىلنىڭ تۇنجى كۈنى، دەپ بىلىدۇ.

مول ھوسۇل يېڭى يىل كۈنى — ئېفىيوپىيىلىكلەر ھەر يىلى 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يېڭى يىل كۈنىنى خۇشال - خۇرام تەبرىكلەيدۇ، بۇ كۈن دەل دېھقانچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىنىدىغان مەزگىلدۇر.

كاۋا يېڭى يىل كۈنى — لىبېرىيە بىلەن جەنۇبىي ئافرىقىدىكى زۇلۇلار كاۋا پىشقان كۈننى يېڭى يىل يېتىپ كەلدى، دەپ ھېسابلايدۇ.

(ئاۋۇت مامۇت. ت)



# 12 مۇقام پايتەختتە

— بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو ئۇيغۇر
مۇقامى پائالىيىتى توغرىسىدا

ئوبۇلقاسىم تۇرسۇن

مۇقامنىڭ لەرزان، يېقىملىق ئاۋازى پايتەخت سەھنىلىرىدە بارا - بارا ئەۋجىگە كۆتىرىلىپ، چوڭ نەغمە، داستان، ئارقىدىن مەشرەپ باشلاندى. قىز - يىگىتلەر مۇقام كۈيلىرىگە جور بولۇپ، بەس - بەستە ئۇسسۇلغا چۈشتى. پايتەختتىكى بېيجىڭ «خەلق سارىيى»، مەركىزىي مۇزىكا زالى، مەركىزىي مىللەتلەر ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى زالى قاتارلىق مۇھىم ئورۇنلاردا شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى، سىمفونىيە ئوركېستىرىدىكى سەنئەتچىلەر ئورۇندىغان مۇقام نومۇرلىرى ياڭراشقا باشلىدى.

نويابىرنىڭ باشلىرى بولسىمۇ، بېيجىڭ تېخى ئالتۇن كۈز پەسلى ئىدى. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، مۇزىكانتلار جەمئىيىتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى پائالىيىتىگە قاتنىشىدىغان جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سەنئەتچىلىرى بولۇپ 300دىن ئارتۇق كىشى قويىنى ئىللىق بۇ شەھەرگە جەم بولدى.

ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى مەملىكەت جۇملىدىن خەلقئارادىكى دوستلارغا تونۇشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى پائالىيەتلىرى 1992 - يىلى 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ، ئازادلىقتىن بۇيانقى كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ، دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ، تەسىرى بىر قەدەر چوڭقۇر بولغان تۇنجى قېتىملىق پائالىيەت بولۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. بېيجىڭ «خەلق سارىيى»نىڭ يېڭىدىن بېزەلگەن شىنجاڭ زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئېچىلىش مۇراسىمىغا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى لى تيېيىڭ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋېيۈەنجاڭى سەيپىدىن ئەزىزى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد قاتارلىق پارتىيە، دۆلەت



رەھبەرلىرى قاتناشتى ۋە ھەر مىللەت ۋەكىللىرى بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئىسمائىل ئەھمەد رىياسەتچىلىك قىلدى، لى تىيېلىڭ مۇھىم سۆز قىلىپ گوۋۇيۈەنگە ۋەكالىتەن بۇ قېتىمقى پائالىيەتنى قىزغىن تەبرىكلىدى ھەمدە بۇ پائالىيەتكە قاتناشقان جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ، مۇقام پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ۋە مۇقام ئىلمىي تەتقىقاتى نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ھەرقايسى مىللەتلەر ۋە ھەرقايسى دۆلەت، رايون خەلقلىرىنىڭ مۇقامغا بولغان چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مۇقامنى تېخىمۇ ئۇرلاندۇرۇش لازىم، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ كۆپچىلىكنى 14 - قۇرۇلتاي روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ چىڭىتىپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشكە تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشقا ئىلھاملاندۇردى.

بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، كورىيە، گېرمانىيە، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ۋە شياڭگاڭ، تەيۋەنلىك ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇقام مۇتەخەسسىسلىرى قاتناشتى، مەركىزىي مۇزىكا شۆبىۋەنى، جۇڭگو مۇزىكا شۆبىۋەنى، شاڭخەي مۇزىكا شۆبىۋەنى، مەركىزىي مىللەتلەر شۆبىۋەنى قاتارلىق ئورۇنلارمۇ مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى ئەۋەتىپ بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتۇردى.

بۇ قېتىمقى پائالىيەت جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى بويىچە ئىلمىي مۇھاكىمە، ئويۇن كۆرسىتىش، كۆرگەزمە، ئۇچېكارلارنى مۇكاپاتلاشتىن ئىبارەت تۆت مەزمۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى كەڭ نامايان قىلدى.

پايتەخت سەھنىلىرىدە شىنجاڭ مۇقام ئانسامبلى، سىمفونىيە ئوركېستىرىدىكى سەنئەتچىلەر ئورۇندىغان مۇقام نومۇرلىرى كۆرسىتىلىۋاتقاندا بۇ مۇھىم ئورۇنلارغا جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك تاماشىبىنلار سەلدەك ئېقىشقا باشلىدى.

16 - نويابىر كەچتە بېيجىڭ «خەلق» سارىيىنىڭ كىچىك زالىدا ئۇنىۋېرسال مۇقام سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى. سەيپىدىن ئەزىزى، ئىسمائىل ئەھمەد ۋە 90 دىن ئارتۇق دۆلەتنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى، مەدەنىيەت مەسلىھەتچىلىرى بولۇپ 200 دىن ئارتۇق كىشى بۇ سەنئەت كېچىلىكىگە تەكلىپ بويىچە قاتناشتى. زالدىكى 1000 كىشىلىكتىن كۆپرەك ئورۇن دۆلىتىمىزدە ئوقۇۋاتقان چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار، ئۇيغۇر مۇقام پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇرغان ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى ۋە تاماشىبىنلار بىلەن لىق تولدى. ئەرەب ئىتتىپاقى بىرلەشمىسى، غەربىي ئاسىيا،

ئافرىقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن مۇقام نومۇرلىرىنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىشتى.

سەنئەت كېچىلىكىنىڭ دەسلەپكى يېرىم مەيدانىدا شىنجاڭ سىمفونىيە ئوركېستىرى مۇقام سىمفونىيىسىنى ئورۇندىدى. دەسلەپتە «ئۇششاق» مۇقامىدىن ئېلىنغان «ئۇششاق مۇقامىنىڭ يۈرۈشلەشكەن كۈيلىرى» ئورۇنلاندى. مۇزىكىسىنى ئاتاقلىق كومپوزىتور جۇجى ئىشلىگەن، ئابدۇراخمان دىرىژورلۇق قىلغان «ناۋا» مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى ئىنتايىن رىتىملىق، نەپىس ئورۇنلاندى، «ناۋا» مۇقامىدىن ئېلىنغان، مۇزىكىسىنى ئاتاقلىق كومپوزىتور نۇسرەت ۋاجىدى ئىشلىگەن ھەم ئۆزى دىرىژورلۇق قىلغان «مۇقام مۇقەددىمىسى»نىڭ باش قىسمى قىزغىن، شوخ بولۇپ، ئوتتۇرا قىسمى چوڭقۇر مۇھەببەتكە تولغان.

سەنئەت كېچىلىكىنىڭ كېيىنكى يېرىم مەيدانىدا شىنجاڭ مۇقام ئانسامبلى ئورۇندىغان «چەببيات» مۇقامىنىڭ چوڭ نەغمىسى ئورۇنلاندى. بۇنىڭدا ئاساسلىقى مۇھەببەت كۈيلەندى. ناخشىنى ئاتاقلىق مۇقام ناخشىچىسى رىسالەت ھاپىز، تۇرنىسا سالاھىدىن، غاپپار ئەخمەت، ئوسمان قاتارلىقلار ئېيتقان بولۇپ، كىشىگە بەدىئي زوق بېرىدۇ. بۇ قېتىمقى سەنئەت كېچىلىكى شەكلىنىڭ يېڭىلىقى، مىللىي پۇرىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، ئۆزگىرىشچانلىقى بىلەن جۇڭگو، چەت ئەللىك تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئويۇن ئارىلىقىدا 15 مىنۇت دەم ئېلىشقا توختىتىلغان بولسىمۇ، تاماشىبىنلار ۋاقىت توشماستىنلا ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئويۇننىڭ باشلىنىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى.

12 مۇقام ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ ھەجىملىك كىلاسسىك مۇزىكىسى بولۇپ، 12 يۈرۈش مۇقام مۇزىكىسى، 365 ئاھاڭ، 2500 مىسرا ناخشىدىن تەركىب تاپقان، بىر قېتىم ئورۇنداشقا 24 سائەت ۋاقىت كېتىدۇ. مۇقام ئانسامبلى پايتەختكە كەلگەندىن كېيىن جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى پائالىيەتلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، خەلق سارىيى، بېيجىڭ مۇزىكا زالى، مەركىزىي مىللەتلەر ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ تىياتىرخانىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا ۋە پايتەخت پولات - تۆمۈر شىركىتىدە توققۇز مەيدان ئويۇن كۆرسەتتى.

. بىز بىر قانچە ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى نەق مەيداندىلا تەيۋەن قانۇن تۈرغۇزۇش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئۇيغۇر تىلى مۇتەخەسسىسى ئابدۇللا ئەپەندىنى زىيارەت قىلدۇق. ياشانغان، ئەمما تېمەن تۇرۇۋاتقان بۇ كىشى چوڭقۇر ھاياجان بىلەن مۇنداق دېدى: «مەن مۇقامنى قوللىغان ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە مۇقامنى گۈللەندۈرۈشكە ئىرادە باغلىغان كىشىلەرنىڭ بولغانلىقىدىن ئىپتىخارلىق ھېس قىلدىم. مەن مۇقامنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن، چۈنكى مەن ئۆزۈممۇ بىر ئۇيغۇر-دە!» مۇقام نومۇرلىرى ئورۇندالغاندىن كېيىن قازاقىستاندىن كەلگەن بىر ئۇيغۇر مۇزىكانت



سەھنىگە چىقىپ مۇزىكانت، دىرىژور ئۇسرەت ۋاجىدى بىلەن قۇچاقلاشتى ۋە ئۇنى تەبرىكلىدى. سىمفونىيە ئورۇندالغان ئۈنجى كۈنى تيەنجىندىن 30 نەچچە كىشى خەيخې دەرياسى بويىدىن ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ بېيجىڭغا كېلىپ سىمفونىيە ئاڭلىدى ۋە كېچىلەپ تيەنجىنگە قايتتى، ئۇلار خۇشاللانغان ھالدا: «شىنجاڭدا مۇشۇنداق سىمفونىيىنىڭ بارلىقىنى ئويلاپ باقمىغان ئىكەنمىز، سەۋىيىسى ئىنتايىن يۇقىرى ئىكەن» دېيىشتى.

ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى كۆرگەن تاماشىبىنلار چەكسىز ھاياجانلاندى. پاكىستانلىق بىر دىپلوماتىيە ئەمەلدارى «مەن بۇرۇنلا مۇقامنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ كۆرۈشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلغان ئىدىم، بۇ قېتىم كۆرۈپ ئىنتايىن ھاياجانلاندىم» دېدى. كۆرىيىدىن كەلگەن چوۋەن ئەپەندى مۇقامنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ مۇزىكىسى، ئۇسسۇلى ئۆزىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ كۆرىيە مۇزىكىسىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى سۆزلەۋېتىپ، ئۆزى ئېلىپ كەلگەن بىر دانە ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى كۆپچىلىككە قويۇپ بەردى.

«چەبىيات»مۇقامى مەركىزىي مىللەتلەر ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى زالىدا كۆرسىتىلگەندىن كېيىن زالدا گۈلدۈراس ئالقىش ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. ئويۇن ئاخىرلاشقاندا بىر نەچچە ئوقۇغۇچى سەھنىگە چىقىپ ئارتىسلارغا گۈل تەقدىم قىلدى. ئۇيغۇر 12 مۇقامى پايتەخت سەھنىلىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مىنىستىرى گاۋجىيەنشاڭ ئويۇننى كۆرگەندىن كېيىن تەسىرلىنىپ: «12 مۇقامدىن ئىبارەت مۇنداق زور بايلىقنى ئۇزۇلدۇرمەي سەھنىگە ئېلىپ چىقىش دۇنيادا ئاز ئۇچرايدۇ، ئويۇنچىلار ناھايىتى ئۇتۇقلۇق بولدى، يەنىمۇ تىرىشىڭلار» دېدى. سەيپىدىن ئەزىزى، ئىسمائىل ئەھمەد قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار ئويۇننى باشتىن ـ ئاخىر كۆردى ۋە ئويۇن ئاياقلاشقاندا سەھنىگە چىقىپ ئارتىستلارنى قوبۇل قىلىپ، ئويۇننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى قاتارلىق ئالتە ئورۇن ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، كورىيە، گېرمانىيە، تۈركىيە ھەمدە شياڭگاڭ، تەيۋەن قاتارلىق ئورۇنلاردىن كەلگەن مۇتەخەسسىس، ئالىملار مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر بىلەن بىرلىكتە ئىلمىي مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. سەيپىدىن ئەزىزى «مۇقام سەنئىتى تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىنى نۇرلاندۇرايلى» دېگەن تېمىدا سۆز قىلىپ، مۇقام تەتقىقاتى ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش، راۋاجلاندۇرۇش، ئۇستۇرۇش توغرىسىدا تەلەپ ۋە ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مۇھاكىمە يىغىنىدا ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن ئالىملار مۇقامنىڭ بارلىققا كېلىشى، شەكىللىنىشى، تەرەققىياتى، تارىخى، شۇنداقلا مۇزىكا، ئەدەبىيات، ئۇسسۇل قاتارلىق جەھەتلەردىن مۇقامنىڭ سەنئەت، مۇزىكا قۇرۇلمىسى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى، نامى، تىلى قاتارلىق تەرەپلەردە ئەتراپلىق ئىزدەندى. كۆپلىگەن ئالىملار ئۇيغۇر مۇقامىغا يۇكسەك باھا بەردى.

مۇقامنىڭ بارلىققا كېلىشىگە قارىتا كۆپلىگەن ئالىملار ئىلمىيلىكى كۈچلۈك، يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار مۇنداق دېيىشتى: ئۇيغۇر 12 مۇقامى ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي جەرياندا بارلىققا كەلگەن، تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان، يېڭىلانغان، ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەقىل پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، مۇقام رەسمىي شەكىللەنگەندىن كېيىن زور دەرىجىدە تۇراقلاشقان، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، ھەتتا چاۋشيەنگىچە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. ئالىملار سىياسىي، ئىقتىسادىي،

مەدەنىيەتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ مۇقام مۇزىكىسى، سەنئىتى، نامى، مەشرەپ قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭى چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا يېڭى ماتېرىيال، يېڭى كۆز قاراشلار كۆپرەك بولدى. 32 ئالىم، مۇتەخەسسىس ئىلمىي ماقالە ئوقۇدى.

16 - نويابىردىن باشلاپ، مەركىزىي مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيىنىڭ كۆرگەزمە زالىي ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ كۆرگەزمە ماتېرىياللىرى بىلەن بېزىلىپ ياشىنىچە جانلاندى. خەلق سەنئەتچىلىرىنىڭ توختىماي ياڭراتقان ناغرا - سۇناي ئاۋازى كۆرگەزمە زالىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ئىدى. كۆرگەزمىنى كۆرۈشكە كەلگەن جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك مۇقامشۇناسلار مەكىت ۋە پېچاندىن كەلگەن خەلق سەنئەتچىلىرى ياڭراتقان ناغرا - سۇناي مۇزىكىسىغا تەڭكەش قىلىپ ئىختىيارسىز ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەيپىياتنى ئىنتايىن جانلاندۇرۇۋەتتى.

كۆرگەزمە زالىنىڭ مەركىزىگە شائىر، ئاتاقلىق مۇقامشۇناس ئامانىنساخان ۋە تۇردى ئاخۇن ئاكا، مەھەممەت موللىلارنىڭ چوڭايتىلغان سىزما سۈرەتلىرى ھەمدە داڭلىق رەسسام غازى ئەھمەت سىزغان «مۇقام» ناملىق سۈرەت قويۇلغان ئىدى.

ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش نەتىجىلىرىنى نامايان قىلىش يۈزىسىدىن ئېچىلغان بۇ كۆرگەزمىدە ئاساسلىقى تۈرلۈك سۈرەتلەر ئارقىلىق پارتىيە، دۆلەت رەھبەرلىرى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ 12 مۇقامنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە قوللىغانلىقى، مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ پائالىيەتلىرى ھەمدە مۇقامنىڭ سەھنىلەردە ئوينىلىشى، دۇنياغا يۈزلىنىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامىغا دائىر پائالىيەت كۆرگەزمىسى 40 يىلدىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق كۆرگەزمە. شىنجاڭ سەنئەت تەتقىقات ئورنى بۇ كۆرگەزمىنى ئەپيارلاشقا ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىپ ئەتراپلىق ئىزدەندى. ئۇلار مۇقام يۇرتلىرىنى كېزىپ 10 مىڭ كىلومېتىردىن كۆپرەك يول يۈرۈپ، كۆرگەزمىگە دائىر ماتېرىياللارنى توپلىدى. بۇ قېتىمقى كۆرگەزمىگە 12 مۇقامغا دائىر 183 پارچە رەڭلىك، رەڭسىز سۈرەت، 25 دانە ھەر خىل چالغۇ ئەسۋابى، 55 قۇر قەدىمكى كىيىم - كېچەك ۋە سەھنە كىيىملىرى، 61 سىنئالغۇ، 105 ئۈنئالغۇ لېنتىسى، 94 پارچە كىتاب ۋە يازما ماتېرىيال قويۇلدى. سۈرەت، چالغۇ ئەسۋابلىرى، كىيىم - كېچەكلەرنى كۆرگەزمە قىلىش ئارقىلىق ئۇلار قەشقەر، يەكەن، مەكىت دولان مۇقامى، تۇرپان، قۇمۇل، ئىلى مۇقامى قاتارلىق مۇقاملارنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالىنى ئوخشاش بولمىغان ئۇسلۇب بويىچە تەپسىلىي تونۇشتۇردى. كۆرگەزمىنى مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرى ۋە سەككىز دۆلەتتىن كەلگەن 10 مىڭدىن ئارتۇق كىشى كۆرۈپ چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدى.

## قولى بىلەن مارافونچە يۈگۈرەيدىغان ئادەم

ئامېرىكىنىڭ نيۇ - يورك شەھىرىدە ياشايدىغان 44 ياشلىق بابى ۋىلان ۋېيتنام ئۇرۇشىدا ئىككى پۇتىدىن ئايرىلىپ، ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن. ئۇ بىر قېتىملىق شەھەر بويىچە مارافونچە 42 كىلومېتىر يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىنىڭ ئاخىرقى پەللىسىگە بارغان. يۈگۈرۈش لىنىيىسىدىكى پىيادىلەر يولىدا ئۆملەپ باتۇرلارچە ئالغا باسقان. ئۇ قاتتىق يامغۇردىمۇ لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ بىر مېتىر - بىر مېتىردىن ئالغا سىلجىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ ئاخىرى قولىنى پۇتىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىپ ھاياتىدىكى تۇنجى مارافونچە «يۈگۈرۈش»نى تۈگىتىپ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.

# جايلارنىڭ ئىقتىسادىي

# ھەمكارلىق تەرەققىياتىنى

# ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك

جاڭ ۋېنخې

خەلق ئىگىلىكنى مۇقىم، ماسلاشقان ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەر قايسى كەسىپ، ھەر قايسى تارماقلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇۋاپىق نىسبەت مۇناسىۋىتىنى ساقلاشقا مۇھتاج بولۇپلا قالماي يەنە ھەر قايسى جايلار، ھەر قايسى رايونلار ئوتتۇرىسىدا مۇۋاپىق ئىش تەقسىماتى بولۇشنى ھەمدە ئۇلاردىن ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئېلىمىزنىڭ يېرى كەڭ، ھەر قايسى جايلارنىڭ تەبىئىي بايلىقى، تەبىئىي شارائىتى، ئىقتىسادى تېخنىكا سەۋىيىسى، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئەھۋالى قاتارلىق جەھەتلەردىكى پەرقى ناھايىتى چوڭ. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى شۇنىڭدەك جايلار بىلەن جايلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، ھەر خىل ئەۋزەللىكلەرنى جارى قىلدۇرۇش ۋە ئىقتىسادنىڭ مۇۋاپىق تەرەققىي قىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، يەنە دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغىمۇ مۇناسىۋەتلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بىلەن جايلار ئىقتىسادىنىڭ ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشى، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بولغان مەسىلىدۇر.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بولۇپمۇ 80 - يىللارغا قەدەم قويغاندىن بۇيان، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ئېلىمىزنىڭ رايونلار ئىقتىسادىي سىياسىتى، جايلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم ئۇقتىلىرى، مەبلەغنىڭ جايلارغا تەقسىم قىلىنىشى قاتارلىقلاردا توپ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولدى. بۇ، ئېلىمىز رايونلار ئىقتىسادىنىڭ تەكشى تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىدىن تەكشۈكسىزلىك تەرەققىيات ستراتېگىيىسىگە ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بىلەن رايونلار ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىدا يولغا قويۇلغان ئەھۋالدىن قارىغاندا، شەك - شۈبھىسىزكى غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى. پۈتۈن مەملىكەتتىن قارىغاندا، ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى، مىللىي دارامەت، سانائەت يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى قاتارلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرنىڭ ئېشىش سۈرئىتى 1978 - يىلدىكىدىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا روشەن ھالدا تېز بولدى. نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان. ھەر قايسى جايلاردىن قارىغاندا، شەرقىي، ئوتتۇرا، غەربىي ئۈچ چوڭ ئىقتىسادىي رايوننىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە خېلى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. مۇھىم ئۇقتا بولمىغان ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ئوتتۇرا، غەربىي رايونلار بولۇپمۇ غەربىي رايوننىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردىن كۆرۈنەرلىك ھالدا ئېشىپ كەتتى. ئىسلاھات ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش ۋە رايونلارنىڭ غەيرى تەكشى تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، ئېلىمىز ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا، جەمئىيىتىمىزنىڭ ئالغا بېسىشىغا ھەققەتەنمۇ زور ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى. ئۇنى يېڭى جۇڭگو

قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەڭ يۈكسەلگەن، دۆلەت كۈچىنىڭ ئېشىشى ئەڭ تېز، خەلق ئالغان نەپ ئەڭ كۆپ بولغان يېڭى دەۋر ياراتتى دېيىشكە بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بىلەن رايونلار ئىقتىسادىي تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ دۆلىتىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىنكى 30 يىل جەريانىدا يولغا قويۇلغان تەكشى ئورۇنلاشتۇرۇش ستراتېگىيىسىنىڭ شاللىۋېتىلىشى ۋە ئىلگىرىلىشى بولدى، دېيىشكە بولىدۇ.

ئەمما يەنە بىر جەھەتتىن، رايونلاردىكى غەيرى تەكشى تەرەققىيات ستراتېگىيىسى ۋە رايونلارغا مايىل بولۇش سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىمۇ بىر قاتار مەسىلىلەر ۋە زىددىيەتلەر كۆرۈلدى. بۇ مەسىلىلەر ۋە زىددىيەتلەر تۆۋەندىكى تۆت جەھەتتە مەركەزلىك گەۋدىلىنىدۇ:

1. مەبلەغ سېلىشتىكى زىيادە مايىل بولۇش بىلەن رايونلار ئىقتىسادىدىكى پەرقنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك چوڭىيىپ كېتىشىدە گەۋدىلىنىدۇ. 80 - يىللارغا قەدەم قويغاندىن بۇيان، دۆلىتىمىز شەرقىي دېڭىز بويىدىكى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان رايونلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ مەبلەغ سالدى. بۇ شەرقىي دېڭىز بويىدىكى رايونلارنىڭ تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلىشى، ئۇنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا باشلامچىلىق قىلىشتا ناھايىتى زور ئالغا سۈرۈش رولىنى ئوينىدى. بىراق، بۇ خىل مايىل بولۇشنىڭ ۋاقتى ئۆتكەنلىكىنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى. ئۇ بىر جەھەتتىن رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي پەرقنى تېز چوڭايتىۋېتىپ، رايونلار ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقىنى جىددىي كېڭەيتىۋەتتى؛ يەنە بىر جەھەتتىن، ئاساسىي ساناەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا بايلىق ئەۋزەللىككە ئىگە بولغان ئوتتۇرا غەربىي رايونلارنىڭ ئاساسىي ساناەت تەرەققىيات كۆلىمى كىچىك، سۈرئىتى ئاستا بولدى، بۇنىڭ بىلەن ئېنېرگىيە مەنبەسى، خام ئەشيا ماتېرىيالى قاتارلىق ئاساسىي ساناەتنىڭ ئېغىر دەرىجىدە كامچىل بولۇشى ۋە توختاپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى بوغۇپ قويدى.

2. رايونلارنىڭ ئىقتىسادقا ئېتىبار بېرىش بىلەن ساناەت قۇرۇلمىسىغا ئېتىبار بېرىش ماسلاشماسلىق، ئىشلەپچىقىرىشنى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكى بىلەن ساناەتنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنىڭ بۇزۇلۇشى ئېغىر دەرىجىدە ساقلاندى. بۇ شەرقىي قىسىمدىكى دېڭىز بويى رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىغىلا ئەھمىيەت بېرىشتە، مەبلەغ سېلىشتا ساناەت ئايرىماسلىقتا، تارماقلار ئومۇمىيۈزلۈك شەرققە ئېغىپ، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ ساناەتتى بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىك، ئېنېرگىيە مەنبەسى، خام ماتېرىيال ۋە قاتناش ترانسپورت قاتارلىق ئاساسىي ساناەت ۋە ئاساسىي مۇئەسسەسەلەرنىڭ تەرەققىياتىغا سەل قارالغانلىقتا ئىپادىلەندى. جايلارنىڭ ئىقتىسادقا ئېتىبار بېرىش بىلەن ساناەت قۇرۇلمىسىغا ئېتىبار بېرىش، رايونلار سىياسىتى بىلەن ساناەت سىياسىتى ياخشى بىرلەشتۈرۈلمىگەنلىكتىن بۇ رايونلار ئىقتىسادى پەرقىنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىنى ھەم ساناەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

3. رايونلارنىڭ ئىش تەقسىماتى ئېنىق بولماسلىق رايونلارنىڭ ساناەت قۇرۇلمىسى ئاسسىمىلياتسىيىلىشىشكە يۈزلىنىش. بۇ ئاساسىي ساناەت بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەش ساناەتتى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىدۇ. شەرقىي قىسىمدىكى تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش ساناەتتى ئوخشاش سەۋىيىدە ھەددىدىن ئارتۇق كېڭەيتىلىپ ئىقتىسادىي تېخنىكا جەھەتتىكى ئۈستۈنلىكىدىن پايدىلىنالمىدى، مۇھىم

نۇقتىنى ئەنئەنىۋى ئاساسىي سانائەتنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋە يېڭىدىن گۈللەنگەن سانائەتنى ئېچىشقا قاراتتى؛ ئاساسىي سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا بايلىق ئەۋزەللىكىگە ئىگە ئوتتۇرا، غەربىي رايونلاردا باھا سىستېمىسى مۇۋاپىق بولمىغانلىقتىن، ئاساسىي سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئاستا، ئاكتىپچانلىقى تۆۋەن بولدى. ئەكسىچە مەنپەئەت مۇددىئاسىنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا تۆۋەن سەۋىيىدىكى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بېرىلىپ كەتتى. مۇشۇنداق قىلىپ، شەرقىي قىسىم بىلەن ئوتتۇرا، غەربىي قىسىملارنىڭ ھەر قايسى ئۆزلىرى قوللىنىشقا تېگىشلىك بولغان رايونلار سانائەت قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت توغرا يولغا خىلاپلىق قىلىپ ئىككى خىل جاينىڭ سانائەت قۇرۇلمىسى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن چىقىپ، ئوخشاشلىققا قاراپ يۈزلەندى. نەتىجىدە، تېخنىكا سەۋىيىسى تۆۋەن رايونلارنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى ئاشقان بولسىمۇ، ئەمما تېخنىكا سەۋىيىسى يۇقىرى بولغان رايونلارنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى ئەكسىچە ئىشلىتىلمىدى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئىشلىتىلمەسلىكى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ جىددىي بولۇشى خام ئەشيا كامچىل بولۇش بىلەن مەھسۇلاتلار بېسىلىپ قېلىش تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. ئېكسپورت سودىسىدا دەسلەپكى قەدەمدە توختاپ قېلىش ئەھۋالى داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. بۇ ھەم مەبلەغنى ئىسراپ قىلدى ھەم خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەش ۋە ئېھتىياجدىكى يوچۇقنى كېڭەيتىپ ئۈنۈمنى تۆۋەنلىتىۋەتتى.

4. جايلارنى قامال قىلىۋېلىش ۋە جايلارنى مونوپول قىلىۋېلىش بىر قەدەر ئېغىر، رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي سۈركىلىش ۋە مەنپەئەت توقۇنۇشى بىر قەدەر كۈچلۈك بولۇپ، بۇ تووار ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتە بىردەك بازارنىڭ شەكىللىنىشىگە توسالغۇلۇق قىلدى. رايونلار سىياسىتىدە بىر تەرەپكە مايىل بولۇش بىلەن رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي جەھەتتىكى ئېغىش سىياسەت بەلگىلەشتە جايلارنىڭ مەركەز بىلەن بولغان تالاش - تارتىشى جايلار ئوتتۇرىسىدىكى، جايلار بىلەن مەركەز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى مەلۇم دەرىجىدە كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن مەسىلىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ئوتتۇرىسىدىكى مۇۋاپىق ئىش تەقسىماتى بىلەن بىر - بىرىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئۆز ئارا تولۇقلاشقا تەسىر يەتكۈزدى، شۇنىڭدەك رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنىڭ نورمال ۋە ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشىغىمۇ پايدىسىز بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنىڭدىن كېيىن ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئاساسىدا چوقۇم نۆۋەتتىكى رايونلار سىياسىتىنى تەڭشەپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر ۋە قارشى تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، رايونلار ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ياخشى ماسلاشتۇرۇپ، ھەر قايسى جايلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ بايلىقلاردىن پايدىلىنىش بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئېلىمىز رايونلار ئىقتىسادىدا يېڭى تەرتىپ، يېڭى ئەندىزىلەرنى شەكىللەندۈرۈش، تاۋار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە بازارلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك.

بىرىنچى، مەبلەغ سېلىش سىياسىتىنى تەڭشەپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، رايونلار ئىقتىسادىغا مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىش بىلەن ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. مەبلەغ سېلىش سىياسىتى ۋە مەبلەغ سېلىش ستراتېگىيىسىنى تۈزۈشتە ئىككى تەرەپتىكى مەسىلىگە يەنى، بىرىنچىدىن

مەبلەغ سېلىشتا ئېتىبار بېرىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن بولۇپ كەتمەسلىكىگە، ئىككىنچىدىن مەبلەغ سېلىش دائىرىسىنىڭ بەك چوڭ بولۇپ كەتمەسلىكىگە دىققەت قىلىش كېرەك. «8 - بەش» يىلىدىن باشلاپ، رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى مەبلەغ سېلىش سالمىقىنى تەدرىجىي مۇۋاپىق تەڭشەپ ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارغا سېلىنغان مەبلەغ سوممىسىنى مۇۋاپىق ئاشۇرۇش ھەمدە مەبلەغ سېلىش ۋە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنىڭ «جايلار يۆنىلىشى» بىلەن «ساناەت يۆنىلىشى» نى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، رايونلارغا ئېتىبار بېرىش بىلەن ساناەتكە ئېتىبار بېرىشتىن ئىبارەت قوش يۆنىلىشلىك ئېتىبار بېرىش ۋە رايونلار سىياسىتىنى ساناەتلەشتۈرۈش، ساناەت سىياسىتىنى رايونلاشتۇرۇش تەسەۋۋۇرى بىلەن شەرقىي، غەربىي رايونلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شەرقىي، غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا ئەندىزە يارىتىش لازىم.

ئىككىنچى، بىر تۇتاش پىلانلاپ، مۇۋاپىق ئىش تەقسىم قىلىش، ئەۋزەل تەرەپلىرىنى ئۆز ئارا تولۇقلاش، ماس قەدەمدە تەڭ تەرەققىي قىلىش، پايدىدا تەڭ ئېتىبار بېرىش، ئورتاق بېيىش پرىنسىپى بويىچە، ھاياتىي كۈچكە تولۇپ - تاشقان مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. ئۈچ تەرەپتىكى مۇناسىۋەتنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىشقا جىددىي ئەھمىيەت بېرىش؛ بىرىنچى، جايلارنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش پىلانلاشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ھەر قايسى جايلار ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش ئاساسىدا ئۆزىنىڭ ئەۋزەل ساناىتى ۋە يېتەكچى ساناەتنى شەكىللەندۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۈتۈن مەملىكەت بىلەن بىردەك بولۇش ئىدىيىسى بويىچە چوقۇم ئىقتىسادنىڭ مۇۋاپىق ئىش تەقسىماتىنى كۈچەيتىش لازىم. جايلار ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشى دۆلەت ساناەت سىياسىتىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىشى، دۆلەت ساناەت سىياسىتىنىڭ تۈزۈلۈشىمۇ جايلارنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇشقا دىققەت قىلىشى لازىم. ئىككىنچى خام ئەشيا كۆپ ئۆلكە، رايونلار بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەش ساناىتى بار رايونلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ توغرا ساناەت قۇرۇلمىسى بويىچە يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ ئاستا - ئاستا تەرەققىي قىلدۇرۇش، ھەمدە تاۋار، مەبلەغ، تېخنىكا ۋە ئىختىساسلىق خادىملار قاتارلىق جەھەتلەردە ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم. ئۈچىنچى ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلغان رايونلار بىلەن ئىقتىسادى ئارقىدا قالغان رايونلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئالدىدا ماڭغان رايونلار ئارقىدا قالغان رايونلارغا تۈرتكە بولۇش، ئىلغار رايونلار قالاق رايونلارغا باشلامچىلىق قىلىش ئارقىلىق تەكشىسىز ھەمكارلىق تەرەققىياتى ئىچىدىن بىرلىكنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

ئۈچىنچى، باھا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دەسلەپكى مەھسۇلاتلار بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنىڭ باھا پەرقى مۇناسىۋىتىنى تەرتىپكە سېلىش، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ زۆرۈر ئامىللىرى بازىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. بۇ رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىش ۋە مەنپەئەت توقۇنۇشىنى ئازايتىپ، رايونلار ئىقتىسادىدىكى مۇۋاپىق ئىش تەقسىماتى ۋە ئەۋزەللىكىنى ئۆز - ئارا تولۇقلاشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر قايسى رايونلار ساناەت قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش يۆنىلىشى بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكلەشتىكى مۇھىم ۋاستە، نۆۋەتتىكى نامۇۋاپىق باھا سىستېمىسىنى ئۈزۈل - كېسىل ئىسلاھ قىلىپ، ئېنېرگىيە مەنبەسى خام ئەشيا ۋە دەسلەپكى مەھسۇلاتلار بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنىڭ باھا پەرقى مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ ئېنېرگىيە مەنبەسى، خام ئەشيا ۋە دەسلەپكى مەھسۇلاتلارنىڭ باھا

دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بازار ئەھۋالىنى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرىدىغان باھا سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. بۇلاردىن باشقا بازار مېخانىزمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتە ئېنېرگىيە مەنبەسى، خام ئەشيا ۋە دەسلەپكى مەھسۇلاتلار قاتارلىق زور ئامىللار بازىرىنى قۇرۇپ چىقىپ، پىلان ئەقسىملەش نورمىسىنى ئازايتىش بازار ئالماشتۇرۇش نىسبىتىنى كېڭەيتىپ، بايلىقلارنى سۈپەتلەشتۈرۈش ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەرقايسى جايلار ۋە مەملىكەتنىڭ سانائەت قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

تۆتىنچى، مەركەزدىن بىر قەدەر ئىلمىيلىكى بولغان، قېلىپلاشقان ھەم ئادىل، نىسبىي سىستېمىلىقى بولغان رايونلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقىپ، ھەر قايسى جايلارنىڭ بىر قەدەر ئادىل بولغان ئاساستا رىقابەتنى قانات يايدۇرۇشىنى تەكلىپ قىلىشىمىز لازىم. ئۆتكەندە مەركەز مەلۇم جايلارغا قارىتا مەبلەغ سېلىش، مالىيە، باج، تاشقى پېرېۋوت قالدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە رايونلارغا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى ھەددىدىن ئارتۇق قوللىنىپ، تەرەققىيات جەريانىدا ھەققانىي بولمىغان رىقابەتنى سۈنئىي تۈسۈلدا كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن ئوخشاش بولمىغان رايونلارنىڭ ئوخشاش سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقى ئاستىدا ئوخشاش پايدىغا ئېرىشەلمەسلىك ئەھۋالى كېلىپ چىقتى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۈنۈم بىلەن ئادىللىق يېقىن مەزگىل بىلەن ئۇزاق كەلگۈسىگە تەڭ ئېتىبار بېرىش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، سىياسەتتە ئېتىبار بېرىشتە مۇھىم تۈقتىلارغا كاپالەتلىك قىلىش، شۇنداقلا ئادەتتىكىلەرگە ئېتىبار بېرىش، رايونلار ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىكى پەرقنى ئىمكانقەدەر كىچىكلىتىشىمىز لازىم.

(ئارزۇگۈل تۇرسۇن. ت)

## ئاجايىپ مىللەتلەر

### يىغلاپ خۇشاللىقنى بىلدۈرىدىغان مىللەت

ئەنگلىيىنىڭ كىچىك بىر ئارالدا ياشايدىغان زۇفىنگى مىللىتى «يىغلاڭغۇ مىللەت» بولۇپ، ئۇلار يىغلاش ئارقىلىق خۇشاللىقنى ئىپادىلەيدىكەن. كىمنىڭ ئۆيىدە خۇشاللىق ئىش ياكى يىراق جايلاردىن تۇرۇق-تۇغقانلار قەدەم تەشرىپ قىلغاندا ئۇلار يىغلاپ تەبرىكلىگەنلىكى ۋە قارشى ئالغانلىقىنى بىلدۈرىدىكەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە يىغلاش دوستلۇق، يېقىنچىلىق، سەمىمىيلىك، بەخت بىلەن بىرگە باغلانغان ئىكەن.

### قۇرۇقلۇقتا بېشى قايىدىغان مىللەت

ھىندونېزىيە بىلەن فىلىپپىن ئارىلىقىدىكى بىپايان سۇ يۈزىدە بىر ئاز سانلىق مىللەت ياشايدىكەن. بۇ يەردىكى ئادەملەر ئەگەردە قۇرۇقلۇققا چىقسا بېشى قېيىپ كۆزى قاراڭغۇلىشىپ خۇددى ھاراق ئىچكەن مەستكە ئوخشاپ قالىدىكەن. چۈنكى ئۇلار بىل بويى دولقۇنلار ئىزركەشلەپ تۇرغان دېڭىزدا ياشىغانلىقتىن ئۇ مۇھىتقا ئادەتلىنىپ كەتكەن ئىكەن. ئەكسىچە قۇرۇقلۇققا كۆنەلمەيدىكەن.

### ئۇرۇشنى خۇشاللىق دەپ قارايدىغان مىللەت

جەنۇبىي تىنچ ئوكياندا پاپۇئا دەيدىغان بىر يەرلىك مىللەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەر-خوتۇنلىرى ئۇرۇشۇپ قېلىش ھېچقانداق كۆڭۈلگە ئازار بېرىش ئىشى بولماستىن ئەكسىچە ئەر-خوتۇنلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش ھېسابلىنىدىكەن. بۇ يەردە ھەر بىر كەنت مەخسۇس بىر ئورۇن تەييارلاپ، مەخسۇس ئەر-خوتۇنلارنىڭ ئۇرۇشۇش ئۈچۈن پايدىلىنىشقا كاپالەتلىك قىلىدىكەن. ھەر ۋاقىت ئەر-خوتۇنلار بۇ يەردە ئۇرۇشقان ۋاقىتتا، كىشىلەر خەۋەر تاپسىلا ھەممە تەرەپتىن كېلىپ كۆرۈپ زوقلىنىدىكەن.

(تۇرسۇن. ت)

# «يىپەك يولى» نىڭ قايتا ئېچىلىشى ۋە «تۆگە قۇشى» روھى

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

«ئويغانماق — ئەڭ مۈشكۈل ئىش، چۈنكى، ئۇ ھەر ئىككى تەرەپنى بىئارام قىلىدۇ»

— «ئىنجادىيە تانامە» دىن

ئۇزۇن تارىختىن بېرى ئەجدادلىرىمىز شۇ دۇنيانىڭ بىز ۋە خەلقىمىزنىڭ تارىختىكى شۆھرەتلىك مەدەنىيەت گۈللىرىنى سۈغىرىپ كەلگەن خەلقئارا ئالاقە يولى — «يىپەك يولى» قايتا ئېچىلدى! مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى زامانلاردىن تاكى يېقىنقى زامان دېگىز - ئوكيان قاتنىشىغىچە داۋام قىلغان يىپەك يولى ئالاقىلىرىنىڭ سىمۋولى بولغان «تۆگە» يېڭى يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن «قاناتلىق تۆگە» ئوبرازىدا قايتا نامايان قىلىندى. بىزنى تەقەززا قىلغان كەلگۈسى بىزنى كۈتۈپ تۇرغان كەلگۈسىگە ئايلانماقتا!

«تۆگە» سىمۋول قىلىنغان يىپەك يولى زامانلىرىدا ئەجدادلىرىمىز شەھەر - قەلئەلەرنى ھالقا قىلغان ئاۋات بوستان مەدەنىيىتى ياراتقان، ھۈنەرۋەن ۋە خەلقئارا سودىگەر خەلق سۈپىتىدە دۇنياغا تونۇلغان، پەلسەپە ۋە تەبىئەت پەنلىرىدە قامۇسى ئالىملارنى يېتىلدۈرگەن، مۇشۇ ئاساستا سەنئەتتە داڭ قازانغان ئىدى. ئۇ چاغدىكى تەكلىماكان چۆللۈكى دىيارى مەدەنىيەت چۆللۈكى ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان بولماستىن، ئەكسىچە ساياھەتنامە مۇئەللىپلىرىگە ئالتۇن ئىلھام بېغىشلىغان مەدەنىيەت دەھلىزى ئىدى.

«تۆگە» سىمۋول قىلىنغان ئاۋات ئەسلەر خارابىلىرىنى ئونتۇپ قىلىپمۇ باياشاتلىققا ئىگە بولالمىدۇق. ئەمدى «قاناتلىق تۆگە» سىما قىلىنغان يېڭى ئەسلەر تىزمىسى ئالدىدا تۇرىمىز. بۇ غايەت كاتتا ھادىسىنى يېتەرلىك مەنىسى بىلەن ھېس قىلىدىغان كىشىلەر ئاز بولسىمۇ، ئۇنى كەلگۈسى تارىخچىلىرى ئىپتىخارلىنىپ تىلغا ئالىدۇ.

ئويلاپ قالدىم. «تۆگە» بىلەن «قاناتلىق تۆگە» نىشانلانغان تارىخىي دەۋرلەر ئارىسىدا ئۆتكەن زۇلمەتلىك ئەسلەرگە نېمىنى سىمۋول قىلىش لازىم؟ بۇ بىر سىمۋولنىڭ ئىخچاملاش ۋە ھېس قىلدۇرۇپ تەربىيلەش كۈچى ناھايىتى چوڭغۇ! مېنىڭچە «تۆگە قۇشى» نى سىمۋول قىلىش كېرەك، ئەلۋەتتە!

شۇنداق، بىز بۇ جاھالەتلىك ئەسلەردە ئىلىم ۋە ھېكمەتتىن ئايرىلىپ، ئىشانلىق ۋە مەزھەپ مۇرتىۋازلىقى لاتقىسىغا پاتتۇق. «ئاق تاغ»، «قاراتاغ» بولۇنۇپ، قان تۆكتۇق، ئويغانغۇچى مەشرەپ، زەللىي، خاراباتى، ئەزىزى ۋە خالىقلارنى خارلاپ سىرتتىن كەلگەن مەختۇم ئەزەم، يۇسۇپ چاكموزالارنى ئەۋلىيا ئەزەم قىلىپ، ياسالما مازارلارنى تاۋاپ قىلىپ ياتتۇق. قولىمىزدىن كەلگىنى داپ تاراڭشىتىپ تۇسسۇل ئويناش بىلەن مەدداھلىق ۋە ھاپىزلىق بولدى! ئاخىرى بىر تال قەنت، بىر تال مىق، بىر تال سەرەڭگىنىمۇ چەتتىن ئالىدىغان كۈنگە قالدۇق!

يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى خەلقئارا تارىخىي خاراكتېرلىك ھادىسە ئىدى. بىز بۇ تاشقى مۇھىت ئىچىدە بارغانسېرى بېكىنمىچىلىك بىلەن شۇغۇللاندۇق. بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنى بىرقانچە ۋىلايەت - ناھىيىلەر بويىچە قاماپ تاشلاپ، بىر - بىرىدىن ئۈركۈيدىغان، بىر - بىرىنى چەتكە قاقىدىغان «يۇرتۋازلىق پسىخولوگىيىسى» نى تەييارلىۋالدۇق. بىر زامانلاردا ۋاڭ يەندى، يىللۇچۇسەي، ماركاپولو ۋە بىر توپ ئەرەب ساياھەتچىلىرى قەلىمىدە ئىززەتلىك «ئۇيغۇر» دەپ تىلغا ئېلىنىدىغان ئىبارە كېيىنچە رادلوۋ، مالوۋ، روبوروۋىسكى، ۋەلىخانوۋ قاتارلىقلار قەلىمىدە

«قۇمۇللۇقلار»، «تۇرپانلىقلار»، «تارانچىلار»، «دولانلىقلار»، «قەشقەرلىقلار»، «ماچىنلىقلار» دەپ يېزىلىدىغان بولدى. ئۇيغۇر ئىبارىسى پەقەت «سېرىق ئۇيغۇر» لارنىڭ نامىدىلا قالدى. گەرچە بۇ ئەسىردە يېڭى مەدەنىيەت مەشئەلچىلىرى تەشەببۇسى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ مائارىپىنىڭ ئىلھامىدا «ئۇيغۇر» ئىبارىسىنى ھەممىمىز ئېغىزدا، قەغەزدە، ۋىۋىسكا ۋە تامغىلاردا ئېتىراپ قىلغان بولساقمۇ، لېكىن روھىيەتتە، ئاستىنقى ئاڭدا تېخى قوبۇل قىلىپ كېتەلمىدۇق؟ مۇھەببەت ـ نەپرەت سېزىقىدا، ھالاۋەت تەقسىم قىلىش چۈمۈچىدە، مەسىلە ھەل قىلىش ئەستىقىدا، دوستلىشىش ۋە مۇراسىم داستىخانلىرىدا، باھا ـ تەقرىز زۇۋانلىرىدا، ئۆرلەش ـ چۈشۈش تاناپلىرىدا، كىرىم ـ چىقىم سېتكىلىرىدا تېخى «ئۆز يۇرت بالىسى»، «ئۆزگە يۇرت كالىسى» ئالاھىدىلىكى ئېغىر! مىللىي مەدەنىيەت ئارغىماقلىرىنىڭ بەيگىسىگە قويۇلغان توساق شادىلىرى ھەر بىر يۇرت بويىچە بىردەك ئەمەس! بۇ بولمىغۇر، ھالاك قىلغۇچ ئاپەتنى جىن ـ شەيتانلار ئەمەس، «ئۆز يۇرت» ئەزىمەتلىرى بىجا كەلتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. تاماقخانىلارغا كىرىشتىمۇ «ئۆز يۇرت»، خىزمەت تەقسىماتىدىمۇ «ئۆز يۇرت»، ماقالە ـ كىتاب نەشر قىلىشتىمۇ «ئۆز يۇرت»، سادىقەت بىلدۈرۈشتىمۇ «ئۆز يۇرت»، ئۆلۈم ـ يېتىمدىمۇ «ئۆز يۇرت»! پەقەت «توتېم» پوسۇنىدا بەدەنگە گۈل چېكىش بىلەن «شامان» قىياپىتىدە گىرىم قىلىشلا قالدى!

سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش شامىلىدا ھەر بىر ناھىيىلەرگىچە كۆپلىگەن كىتاب ـ ژۇرنال يايمىلىرى كەڭ تارقالدى. ئۇنىڭدا مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدىن، ھەتتا تەيۋەن، شياڭگاڭلاردىن كەلتۈرۈلگەن خەنزۇچە كىتاب ـ ژۇرناللار ئەركىن سېتىلماقتا. مەن پات ـ پاتلا يىراق ئۆلكە ـ شەھەرلەردە چىقىدىغان ژۇرناللارنىڭ ئەسەر ئەۋەتىش تەكلىپلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالىمەن، بۇ گۈللىنىش مۇھىتى بىلەن گۈللىنىش روھىيىتى ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆزدەك بىرلەشكەن مەنزىرىنىڭ ئىپادىسى، بىزدىچۇ؟ بىر ۋىلايەتنىڭ ژۇرناللىرىنى باشقا ۋىلايەتلەردە، ھەتتا ئۈرۈمچىدە كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس. بىزدە خېلى كۆپ ژۇرنال نەشر قىلىنىدۇ. ئەمما، ئۇ خۇددى مەھبۇس تامىقىدەك ئۆز ـ ئۆزىنى قامال قىلغان روھىيەت سېپىلى — ئۆز يۇرت دائىرىسىدىلا ھەزىم قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەربىر ۋىلايەت ژۇرناللىرى ئۆز يۇرت كىشىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىپ، ئۆز يۇرت كىشىلىرىگىلا ئەۋەتىلىدۇ.

يېقىندىن بېرى، يەرلىك شۆبىلەرنى يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلات سۈپىتىدە ماختاپ كېڭەيتىدىغان، يەنە ئىسىم فامىلىلەر ئاخىرىغا «ئارتۇشى»، «كەلپىنى»، «دولانى»، «لەمجىنى» دېگەنلەرنى ھەتتا تېخىمۇ كىچىك كەنت نامىلىرىنى قوشۇپ ئاتايدىغان باشلامچىلار چىقىپ قالدى! يىراق ئەللەردە مۇساپىرەتتە قوللىنىلغان بۇ يۇرت نامىلىرىنى ئۆز يۇرتىدا «توتېم» ئورۇقداشلىقى تامغىسى قىلىۋېلىش قايسى روھىيەتتىن ئېتىلىپ چىققاندۇ ـ ھە؟! يېڭى يىپەك يولى ئېچىلدى! ئەمما مەھەللى مەدەنىيەت بېكىنمىچىلىكىنىڭ پىچىتى بۇزۇلغىنى يوق! «قاناتلىق تۆگە» پائالىيەتكە كىرىشتى! ئەمما «تۆگە قۇشى» بېشىنى قۇمغا تىقىۋېلىشتىن خالاس بولغىنى يوق! بۇ ھال داۋاملىشىدىكەن، قەدىمكي يىپەك يولى ئەزىمەتلىرى بولغان ئۇيغۇرلار خۇددى كۆكۈم ـ تالقان بولغان بوتۇلكا سۇنۇقلىرىدەك بىر زاماندىكى شىشىلىك ھالىدىن قالغان كرىستاللىرىنى ئاپتاپ نۇرىدا يالتىرىتىپ ماختىنىشتىن باشقا، يېڭى شەربەتكە مۇيەسسەر بولالمايدۇ. بۇ يېڭى يىپەك يولى ھېكمەتلىرىدىن داۋاملىق چەتتە قېلىشقا ئېلىپ بارماسلىقى مۇمكىن ئەمەس.

ھەي، ئەتتەڭ! لۇشۈن ئەپەندى «ئاكيۇ» روھىنى سىزىپ بەرگەندەك، «تۆگە قۇشى» ئەرۋاھىنى تەسۋىرلەپ بېرەلەيدىغان ئەقىل ۋە قول قاچان قەلەم ئۇتاركى ....



# ئاكسىيە كاپىتالى قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە

مۇھەممەت قۇربان

باھالىق ئاكسىيە — مۇئەييەن مال - مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ گۇۋاھنامىسى سۈپىتىدە بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىگە بولغۇچىلار مۇئەييەن پايدىغا ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىش ئارقىلىق دەسمايىسىنى قايتۇرۇۋالىشقا بولىدۇ. ئاكسىيىنى سودىلاشقىلى بولىدۇ ھەم مەبلەغ سالسا پايدىغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. شۇڭا ئۇ كاپىتال خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئەلۋەتتە، ئاكسىيە بىر تۈرلۈك پەۋقۇلئاددە كاپىتال بولۇپ، ئۇ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە.

(1) ئاكسىيە پايدا ئېلىش خاراكتېرىگە ئىگە. كىشىلەرنىڭ ئاكسىيە سېتىۋېلىشىدىن مەقسىتى، ئاكسىيە ئارقىلىق مەبلەغ سېلىپ، مۇئەييەن پايدىغا ئېرىشىش. شۇڭا، پايدا ئېلىش خاراكتېرى — ئاكسىيىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى. ئاكسىيىگە مەبلەغ سېلىش پايدىنىڭ ئېنىقلىقلىقىنىڭ قانداق بولۇشىغا ئاساسەن، ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى، مۇقىم پايدا، مۇقىم ئاكسىيە تارقىتىلغان ۋاقىتتىلا بېكىتىلىپ، تارقاتقۇچىنىڭ تىجارىتىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى بىلەن پايدىسىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ ئۆزگەرمەيدۇ. مەسىلەن، قەرز چېكىنىڭ ئۆسۈمى بىلەن ئالدىن بەلگىلەنگەن بولىدىغان پاينىڭ پاي ئۆسۈمى مۇقىم بولۇپ، ئۆزگەرمەيدۇ. ئىككىنچى، يېرىم مۇقىم پايدا. بۇ خىل پايدىنىڭ بىر قىسمى مۇقىم بولۇپ، تارقاتقۇچى ئورۇننىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى تۈپەيلىدىن ئۆزگەرمەيدۇ؛ يەنە بىر قىسمى مۇقىم بولمايدۇ، ئۇ پايدىنىڭ ئاز - كۆپ بولۇشى يەنى تارقاتقان ئورۇن ئېرىشكەن پايدىنىڭ كۆپ - ئازلىقىغا قاراپ بېكىتىلىدۇ. ئالدىن بەلگىلەنگەن بولىدىغان پايغا قاتنىشىپ ئېرىشكەن پايدا مۇقىم پاي ئۆسۈمى بىلەن ئۆزگىرىشچان پاي ئۆسۈمىدىن ئىبارەت ئىككى

قىسمىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئۈچىنچى، ئۆزگىرىشچان پايدا، پايدىنىڭ ھەممىسى تارقاتقۇچى ئورۇننىڭ پايدا ئېلىش ئەھۋالى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. پايدا كۆپ بولسا، كۆپ تەقسىم قىلىنىدۇ. پايدا ئاز بولسا، ئاز تەقسىم قىلىنىدۇ. پايدا بولمىسا تەقسىم قىلىنمايدۇ. ئادەتتىكى پايدىنىڭ پاي ئۆسۈمى مۇقىم بەلگىلەنمىگەن پايدا شەكلىنى قوللانغان بولىدۇ. تۆتىنچى، تاللاش خاراكتېرىدىكى پايدا. بۇ خىل پايدا ئۆسۈلىنى مۇقىم بېكىتىشكە ھەم مۇقىم بېكىتمەسلىككىمۇ بولىدۇ. قايسى خىل پايدا ئۆسۈلىنى قوللىنىش تامامەن مەبلەغ سالغۇچىنىڭ تاللىشىغا باغلىق بولىدۇ. سېتىۋالغۇچى قەرز چېكىنى پاي چېكىگە ئالماشتۇرغاندا پاي چېكىنىڭ مۇقىم بولمىغان ئۆسۈمىگە ئېرىشىمۇ بولىدۇ ياكى ئەسلىدىكى قەرز چېكىنى داۋاملىق ساقلاپ مۇقىم ئۆسۈمگە ئېرىشىمۇ بولىدۇ.

(2) ئاكسىيە خېيىم - خەتەر خاراكتېرىگە ئىگە. ئاكسىيە مۇئەييەن خېيىم - خەتەرگە ئىگە بولۇپ، مەبلەغ سالغۇچى ئاكسىيە بازار باھاسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى تۈپەيلىدىن زىيان تارتىشى مۇمكىن؛ شۇنداقلا تارقاتقۇچى ئورۇننىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ناچار بولۇشى تۈپەيلىدىن ئالدىن كۆزلىگەن پايدىغا ئېرىشەلمەسلىكى ياكى پايدا بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. ھەتتا تارقاتقۇچى ئورۇننىڭ ۋەيران بولۇشى تۈپەيلىدىن دەسمايىسى زىيانغا ئۇچرىشى مۇمكىن، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھەر قانداق ئاكسىيىگە مەبلەغ سالغاندا، ئۇنىڭ مۇئەييەن خېيىم - خەتىرى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، ئاكسىيىگە مەبلەغ سېلىشنىڭ خېيىم - خەتىرىمۇ ئوخشاشمايدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا، خېيىم - خەتىرى چوڭراق بولغان ئاكسىيىگە سېلىنغان مەبلەغنىڭ پايدىسى چوڭراق بولىدۇ؛ خېيىم - خەتىرى كىچىكرەك بولغان ئاكسىيىگە سېلىنغان مەبلەغنىڭ پايدىسى كىچىكرەك بولىدۇ.

(3) نەق پۇلغا ئايلىنىش خاراكتېرىگە ئىگە. ئاكسىيە ئىگىلىرى ئاكسىيە بازار باھاسىغا ئاساسەن، ئۆز ئالدىغا، ۋاقتىدا ئاكسىيىنى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، دەسمايىسىنى قايتۇرۇۋالسا بولىدۇ. ئاكسىيىنىڭ نەق پۇلغا ئايلىنىش خاراكتېرى ئاكسىيىنى ئايرىۋاشلاش بىلەن ئوبوروت ئىقتىدارىدا ئىپادىلىنىدۇ. گەرچە، بانكىغا پۇل ئامانەت قويۇۋۇشتەك قولايلىق بولمىسىمۇ، لېكىن ئاكسىيە بازارلىرى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە ئۇنى ئايرىۋاشلاش ياكى ئوبوروت قىلىش ئىنتايىن قولايلىق. ئەلۋەتتە، ئاكسىيىنىڭ نەق پۇلغا ئايلىنىش خۇسۇسىيىتىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىز بولۇشى، ئاكسىيىنىڭ قەرەلى، ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ شەكلى، ئىناۋەت دەرىجىسى، داڭقى، بازاردىكى مەنپەئەتىنىڭ ئوڭايلىق دەرىجىسى قاتارلىق كۆپ خىل ئامىللارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا، ئاكسىيىنىڭ قەرەلى قانچىكى قىسقا بولسا، ئىناۋەت دەرىجىسى بىلەن داڭقى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. بازار مېخانىزمى قانچىكى تەرەققىي قىلسا، ئاكسىيىنىڭ نەق پۇلغا ئايلىنىش خاراكتېرى شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ.

(4) چەك يۈزىدىكى سومما بىلەن بازار باھاسى بىردەك بولماسلىق خاراكتېرىگە ئىگە. ئاكسىيە — پۇلغا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ چەك يۈزىدىكى سوممىسى بولۇشتىن سىرت، يەنە بازار باھاسىمۇ بولىدۇ. ئاكسىيىنىڭ چەك يۈزىدىكى سوممىسى — تارقىتىش ۋاقتىدا بېكىتىلىدۇ. تارقاتقاندا، ئەگەر شۇ ۋاقىتتىكى باھادا ياكى ۋاستىچى ئارقىلىق تارقىتىش ياكى دىسكونت قىلىپ تارقىتىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ تارقاتقان بولسا، ئاكسىيىنىڭ تارقىتىلىش باھاسى بىلەن ئاكسىيىنىڭ چەك يۈزىدىكى سوممىسى بىردەك بولمايدۇ. يەنى چەك يۈزىدىكى سومما بويىچە تارقىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان بولسا، ئاكسىيە ئوبوروت بازىرىغا كىرگەندىن كېيىن، ئاكسىيە بازار باھاسىنىڭ ئۆزلۈكسىز داۋالغۇش تۈپەيلىدىن، ئاكسىيە بازار باھاسى بىلەن ئاكسىيىنىڭ چەك يۈزىدىكى سوممىسىدا ئېغىش يۈز بېرىدۇ.

# مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى گۆھەر — ئالاتاۋ ئېغىزى

ئەخمەتجان نىياز

ئالاتاۋ ئېغىزى — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدە بولۇپ، بورتالا شەھىرىگە 73 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ ئالاتاۋ تېغى بىلەن بارلىق تېغى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرقتىن غەربكە بولغان كەڭلىكى تەخمىنەن 20 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 70 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئالاتاۋ ئېغىزى مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونىدىكى جۇڭگو - سوۋېت چېگرىسىدىكى ئەڭ كەڭ، يەر تۈزلۈكى ئەڭ تەكشى بولغان تاغ ئېغىزى، شۇنداقلا غەربىي شىمال رايونىنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىگە ۋە ئىسكەندىناۋىيەگە ھەرقايسى دۆلەتلەرگە قاتنىلىدىغان ئەڭ چوڭ سودا پورتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئالاتاۋ ئېغىزى تارىختا جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك زاتلار، سودىگەرلەر، ھەج - تاۋاپ قىلغۇچىلار ۋە ساياھەتچى، ئېكسپېدىتسىيەچىلەر ئۆتىدىغان مۇھىم ئۆتەڭ ئىدى. 1956 - يىلى جۇڭگو - سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئىككى تەرەپ «لەنجۇدىن ئاركتا تۆمۈريولغىچە بولغان تۆمۈريولنى ياساش ۋە بىرلىشىپ ترانسپورت قىلىش كېلىشىمى» ئىمزالىغان ئىدى. ئەينى چاغدا ئالاتاۋدا «دوستلۇق ئىشىكى» قۇرۇلغان ھەم ئالاتاۋ ھاۋارايى پونكىتى تەسىس قىلىنغان ئىدى. كېيىن تۈرلۈك تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۈرۈمچىدىن ئالاتاۋغىچە بولغان تۆمۈريول قۇرۇلۇشى توختىتىپ قويۇلدى، 1989 - يىلىغا كەلگەندىلا ئاندىن لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ ئۈرۈمچىدىن ئالاتاۋغىچە بولغان شىمالىي شىنجاڭ بۆلىكىدە ئىش باشلىنىپ 1990 - يىل 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۆمۈريولى بىلەن ئالاتاۋ ئېغىزىدا رەسمىي ئۇلاشتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن دۇنيا كۆز تىككەن «ئاسىيا - ياۋروپا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى» يەنى شەرقتە مەملىكىتىمىزنىڭ لىيەنيۈنگاڭ پورتىدىن باشلىنىپ غەربتە گوللاندىيىنىڭ روتتېردام شەھىرىگىچە بولغان 10 مىڭ 800 كىلومېتىرلىق پۈتۈن تۆمۈريول لىنىيىسى رەسمىي ئۇلاشتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىككى دۆلەتنىڭ تاشيول لىنىيىلىرى تېز ۋاقىتتا ئۇلاشتۇرۇلۇپ، ئالاتاۋ ئېغىزى ياۋروپاغا بارىدىغان تۆمۈريول، تاشيوللار كېسىپ ئۆتىدىغان چېگرا ئېغىزىغا شۇنداقلا ئاسىيا - ياۋروپا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ مەركىزى بېكەتكە ئايلىنىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىشىكىنى غەربكە ئېچىۋېتىشتىكى ئۈچىنچى چوڭ «دەرۋازىسى»، مۇھىم قۇرۇقلۇق قاتناش يولى بولۇپ قالدى.

ئاسىيا - ياۋروپا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى ئاسىيا - ياۋروپادىكى 30 نەچچە دۆلەت ۋە رايوننى كېسىپ ئۆتىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 4213 كىلومېتىر بولۇپ 11 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننى كېسىپ ئۆتىدۇ، بۇ لىنىيىدە 1991 - يىل 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن ئېتىبارەن ۋاقىتلىق مال توشۇش پويىزى قاتناشقا باشلىغان ئىدى. نۆۋەتتە جۇڭگو بىلەن قازاقىستاننىڭ خەلقئارا پويىزلىرى ھەپتىدە بىر قېتىم، خەلقئارا پاسساژىرلار پويىزى كۈندە بىر قېتىم قاتنىماقتا. بۇ يىل 9 - ئايدىن باشلاپ خەلقئارا يۈك توشۇش ترانسپورتى رەسمىي باشلاندى. ھەشەمەتلىك ساياھەتچىلەر مەخسۇس پويىزى «يىپەك يولى تېز پويىزى»مۇ 1992 - يىل 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن باشلاپ بورتالادىن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىگە قاتنىماقتا.

پۈتۈن دۇنيا كۆز تىكىۋاتقان ئاسىيا - ياۋروپا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى ئەڭ ئەرزان، ئەڭ بىخەتەر، قولايلىق ھەم تېز بولغان يېڭى خەلقئارا قاتناش لىنىيىسى بولۇپ، ئۇ يالغۇز مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئاسىيا ئەللىرى بىلەن ياۋروپا ئەللىرى ئوتتۇرىسىدا ئىقتىساد - سودا ئالاقىسى، خەلقئارا قاتناش - ترانسپورت ۋە پەن - مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئالاھىدە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ھېسابلىشىغا قارىغاندا، بۇ چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنى سىبىرىيە چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا يۈك توشۇش مۇساپىسى تەخمىنەن 2000 كىلومېتىر قىسقا بولۇپ، توشۇش خىراجىتىنى 30% تېجەپ قالغىلى بولىدىكەن. دېڭىز ترانسپورتىغا قارىغاندا يۈك توشۇش ۋاقتىنى تەخمىنەن 60% - 50%، يۈك توشۇش خىراجىتىنى تەخمىنەن 20% تېجەپ قالغىلى بولىدىكەن. بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ تۆمۈر يول بويلىرىدىكى ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشىدە مۇھىم ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئويناپلا قالماي، بەلكى ياپونىيە، جەنۇبىي چاۋشيەن، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆلەت ۋە رايونلارنىمۇ ئەرزان، قولايلىق قاتناش لىنىيىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئالاتاۋ ئېغىزى ئېلىمىزنىڭ غەربىي قىسىم رايونىدىكى سىرتقا قارىتىلغان ئەڭ چوڭ خەلقئارا قۇرۇقلۇق ترانسپورت پورتى بولۇپ، ئۇ تۆمۈر يول لىنىيىسى پورتى ۋە تاشيول لىنىيىسى پورتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالاتاۋ ئېغىزى پورتىنىڭ كۆلىمى 4.24 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ۋوگزال، ماشىنا بېكىتى ھەم ئورگان ئىشخانا رايونى، ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونى، ئاممىۋى پاراۋانلىق رايونى، يۈك قاچىلاش، چۈشۈرۈش مەشغۇلات رايونى ۋە ئىسكىلات قاتارلىق ئەسلىھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ يەردە يەنە تۆمۈر يول ترانسپورتىنى ئاساس قىلغان قاتناش - ترانسپورت ئاپپاراتلىرى، تەكشۈرۈش، كارانتىن قىلىش ئاپپاراتلىرى، پورت باشقۇرۇش ئورگىنى، سىرت جايلارنىڭ ئۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئىش ئىجرىيە ئورۇنلىرى ۋە ھەربىي قىسىملار، مەكتەپلەر، ئاممىۋى تەشكىلاتلار تەسىس قىلىنغان.

گوۋۇيۈەن 1990 - يىل 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئالاتاۋ ئېغىزىنى ئېچىۋېتىشنى تەستىقلىغاندىن بۇيان ئۇنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ تېز بولدى. ئالاتاۋ ئېغىزى پورتىدا كۆلىمى 4800 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ۋوگزال ئىسكىلاتى قۇرۇلدى. ۋوگزالدا 26 جۈپ رېلىس بولۇپ، ئۇ بۇ يەردىن ئۆتىدىغان بارلىق پويىزلارنى ئالماشتۇرۇش ياكى يۈك قاچىلاش - چۈشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. بۇ لىنىيىنىڭ يىللىق ترانسپورت مىقدارى 3 مىليون 500 مىڭ توننىدىن 5 مىليون 900 مىڭ تونناغىچە بولىدۇ.

ئالاتاۋ ئېغىزى پورتىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش رايونى 150 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەردە يەنە «بازار ئۇچۇرى ئىگىلەپ خەلقئاراغا يۈزلىنىش، كارخانىلارغا مۇلازىمەت قىلىش، چېگرا سودىسىنى جانلاندۇرۇش، سىرتتىن ئىلغار تېخنىكا كىرگۈزۈپ پىششىقلاپ ئىشلەش، بازار ئېچىپ ئالاتاۋ ئېغىزىنى سودا - سېتىق مۇلازىمىتىنى ئاساس قىلغان، مەلۇم كۆلەمگە ئىگە ئېكسپورت تاۋارلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان سانائەت شەھىرى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش»نى تەرەققىيات نىشانى قىلغان 2.8 كۋادرات كىلومېتىرلىق ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى جىددىي ئېلىپ بېرىلماقتا. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى - سىرتىدىن بولۇپ 70 نەچچە ئورۇن ئالاتاۋ ئېغىزىدا «كۆزنەك» قۇرۇپ دۇنياغا يۈزلىنىش ئۇلۇغۋار پىلانى ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قۇرۇلۇش باشلاپ بولدى.

شۈبھىسىزكى، ئالاتاۋ ئېغىزىدىن ئىبارەت بۇ گۆھەر زېمىن مەملىكىتىمىزنىڭ جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشىدە ئۆزىنىڭ غايەت زور ئەۋزەللىكىنى جاسارەت بىلەن تولۇق نامايان قىلىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر ئوتتۇرىسىدا مەڭگۈ ئۈزۈلمەس دوستلۇق كۆۋرۈكى بولۇپ قالغۇسى.

(ئاپتور جۇڭگو بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىدە)



# «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىغا مۇشتىرى توپلاشتىكى ئىلغار ناھىيىلەر ۋە شەخسلەر مۇكاپاتلاندى

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى قار- مىقىدىكى «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى 1992 - يىل 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا خوتەن ۋىلايىتىدە ۋە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قاغىلىق ناھىيىسىدە مۇكاپاتلاش يىغىنى ئۆتكۈزدى.

1991- يىلى 8 - ئايدا، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بەنگۈڭتىڭى «مىل- لەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ تىراژىنى كۆپەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتقاندى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بۇ خىزمەتكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ بۇقىرىقى ئۇقتۇرۇشىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىگىچە تارقىتىش بىلەن بىللە، جايلارغا كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە رەھبەرلىرى، ۋىلايەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى باشقارمىسى، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى دۆلەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئورگانلارنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، دۆلەت دەرىجىلىك ژۇرنال بولغان «مىللەتلەر ئىتتىپاقى»غا مۇشتىرى توپلاش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى. مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 1992 - يىللىق ئومۇمىي تىراژى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 120% كۆپەيدى.

مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن، مەملىكەت بويىچە سايلاپ چىقىلغان ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەر ئىچىدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى نىيە، گۇما، قاغىلىق ناھىيىلىرى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. خوتەن ۋىلايەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇقادىر سۇلايمان مەملىكەت بويىچە تۆت ئىلغار شەخسنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى.

خوتەن ۋىلايىتىدە ئېچىلغان مۇكاپاتلاش يىغىنىغا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى مەتتۇرسۇن شېرىپ، ۋىلايەتتىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى، ھەرقايسى ناھىيىلىك، شەھەرلىك مىللىي - دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى.

(داۋامى 48 - بەتتە)

# ژۇرنىلىمىزنىڭ تەھرىر بۆلۈمى ئاپتورلار سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى 1992 - يىل 4 - پەسىلدە، ئۈرۈمچىدە ئاپتورلار سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. ژۇرنالنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن خەۋەرلەندۈرۈش، ژۇرنال مەزمۇنى توغرىسىدا پىكىر ئېلىش ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنىدىغان ئەسەرلەرگە قويۇلىدىغان تەلەپلەرنى ئۇقتۇرۇش، مىللىي ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ جەلپ قىلىش مەقسىتىدە ئېچىلغان بۇ سۆھبەت يىغىنىغا ئۈرۈمچىدىكى بىر قىسىم يازغۇچىلار، تەرجىمانلار، تەھرىرلەر قاتناشتى.

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ئىدرىس بارات مەزكۇر ژۇرنالنىڭ ئەھۋالىنى، ژۇرنالغا قوبۇل قىلىنىدىغان ئەسەرلەرگە قويۇلىدىغان تەلەپلەرنى ۋە ئاپتورلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەزكۇر ژۇرنالنىڭ سەھىپىلىرىنى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنلىرىنى تونۇشتۇردى. يىغىنغا قاتناشقانلار قىزغىن پىكىر بايان قىلىپ، مەزكۇر ژۇرنالنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈش جەھەتتىكى تەشۋىقات رولىغا يۇقىرى باھا بەردى، ژۇرنالنىڭ مەزمۇنى ۋە سۈپىتى جەھەتتىكى نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەم بۇ ژۇرنال توغرىسىدىكى تونۇشىنىڭ ئۆسكەنلىكىنى ئىزھار قىلىشتى، قىممەتلىك تەكلىپ پىكىرلەرنى بەردى.

كۆپلىگەن كىشىلەر بۇ ژۇرنالنىڭ نامىغا قاراپلا، بۇ پەقەتلا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا دائىر ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلارنىلا خەۋەر قىلىدىغان تەشۋىقات بۇيۇمى ئوخشايدۇ، دەپ قاراپ، ماقالىلەرنى ئوقۇپ چىقمايدۇ، ئەمەلىيەتتە، بۇ ژۇرنال دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ نەشر ئەپكارى بولۇش سۈپىتى بىلەن، دۆلىتىمىزدىكى 55 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ جانجان مەنپەئىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بارچە ساھەلەردىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بولۇپمۇ، بۇ ژۇرنال پارتىيىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى توغرا، ئەتراپلىق، ئەينەن بايان قىلىش، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئادىل سۆز قىلىشتەك دادىللىقى بىلەن كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

بىر مۇنچە كىتابخانلار ۋە ئاپتورلار بۇ ژۇرنالنى سىياسىي، نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنىلا ئېلان قىلىدىغان ئادەتتىكى بىر ژۇرنال ئوخشايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئوقۇغانلارغا ئايانكى، بۇ ژۇرنال ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك ژۇرنال بولۇپ، ماقالىلىرى مەزمۇنلۇق، قىزىقارلىق، سەھىپىلىرى رەڭدار، ئوتتۇرىسىدىكى رەڭلىك بېتى باشقا ھېچقانداق ئۇيغۇرچە ژۇرنالدا يوق؛ بۇ ژۇرنالدا قىسقا ھېكايە، جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ ۋە دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ قىزىقارلىق ئۆرپ - ئادەتلىرى، گېزىت - ژۇرناللاردىن تەرمىلەر، ھەر خىل بىلىم - ساۋاتلار، نەسىرلەر، جاھاندىكى ئاجايىپ ۋەقەلەر، كىشىلەرنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىغا يېتەكلەيدىغان مۇلاھىزىلەر، نەسىھەت - مەسلىھەتلەر بېسىلىپ تۇرىدۇ؛ بۇ ژۇرنال دۆلەت دەرىجىلىك ژۇرنال بولۇش سۈپىتى بىلەن، تاللىنىدىغان ماقالىلەرگە ۋە مەتبەئە سۈپىتىگە يۇقىرى تەلەپ قويىدۇ.

تەھرىر خادىملار ئاز، خىزمەت مىقدارى كۆپ بولغانلىقتىن، ژۇرنىلىمىز بەزى كەمچىلىك، خاتالىق، نۇقسانلاردىنمۇ خالىي ئەمەس. كەڭ كىتابخانلارنىڭ ۋە قەلەم ئىگىلىرىنىڭ مۇئەييەن سەۋىيىگە ئىگە ئىجادىي ئەسەر ۋە تەرجىمە ئەسەرلەرنى ئۈزلۈكسىز ئەۋەتىپ تۇرۇشىنى، پىكىر، تەكلىپ، تەنقىد، تەلەپلەرنى ئۆز ۋاقتىدا بىزگە يەتكۈزۈپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.



# ئاق ۋە قارا

جۇجەي فوتوسى





يالقۇن

ئۇيغۇر بوۋاي



باياۋاندىكى تەسەۋۋۇر

جۇمە بۇجىيالڭ سىزغان



تىمتاس پامىر



قىشلاقتا كۆچۈش

چارۇن باتۇر سىزغان

## يىپەك يولى گۈزەل ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدىن تاللانما



سىپتە بىردىكى پامىر

ئامىن سىزغان



سىزغان



تاجىك قىزى

پەن شىشۇن سىزغان



جىڭ يۇشۇ سىزغان

ئابلىكىم ئەمەتنىڭ





ھۆسىن خەت





ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# مىللەتلەر قانۇنىنىڭ نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرەيلى

لى يۈنچاڭ

دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشى تېخى مۇكەممەللىشىپ كېتەلمىدى، بەزى قانۇن، قائىدە - نىزاملار تۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۈنۈملۈك نازارەتچىلىك مېخانىزمى كەمچىل بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ تېگىشلىك رولىمۇ جارى قىلىنمايۋاتىدۇ. بۇ مىللەتلەرگە ئائىت قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىدا ساقلىنىۋاتقان مۇھىم بىر مەسىلە، نازارەتچىلىك مېخانىزمى ۋە مىللەتلەر قانۇنىغا دائىر مۇكەممەل، بىرلىككە كەلگەن جازالاش پرىنسىپلىرى بولمىسا، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مىللەتلەرگە ئائىت قانۇن، قائىدە - نىزاملارغا ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، نازارەتچىلىك مېخانىزمى، جازالاش پرىنسىپلىرى يۈرۈشلەشتۈرۈلۈپ كاپالەتكە ئىگە قىلىنمىسا، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئاجىز قانۇنغا ئايلىنىپ قېلىپ، قانۇن بولۇش سۈپىتىدە تۈزنىڭ سۈرى ۋە نوپۇزىنى ھەقىقىي تۈردە گەۋدىلەندۈرەلمەيدۇ، شۇنىڭدەك، ئۇ ئارقىلىق مىللەتلەر خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى قوغداش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. مۇبادا نازارەتچىلىك مېخانىزمى بولمىسا ياكى نازارەتچىلىك كۈچلۈك بولمىسا، مىللەتلەرگە ئائىت قانۇن ۋە قائىدە - نىزاملاردا ئېنىق بەلگىلەنگەن بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇقلار ئاسانلا قۇرۇق شەكىلگە ئايلىنىپ قالىدۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ دەل شۇنداق بولۇۋاتىدۇ. بەزى ساھەلەردە مىللەتلەرگە ئائىت قانۇن ۋە قائىدە - نىزاملار تۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن قانۇن بار تۇرۇقلۇق ئەمەل قىلمايدىغان، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولمايدىغان، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار سۈرۈشتۈرۈلمەيدىغان ئەھۋاللار ئومۇميۈزلۈك ساقلانماقتا، بۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرسەك، بۇنىڭدا تونۇش مەسىلىسىمۇ بار، شۇنداقلا قانۇن، قائىدە - نىزاملارنىڭ تۈزىدە جازالاش پرىنسىپلىرى بولماسلىق ياكى نازارەتچىلىك كۈچلۈك بولماسلىق مەسىلىسىمۇ بار، خېلى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مىللەتلەرگە ئائىت قانۇن ۋە قائىدە - نىزاملارنىڭ نوپۇزى ۋە سۈرىگە بولغان تونۇشى، مىللەتلەرگە ئائىت قانۇن ۋە قائىدە - نىزاملارنىڭ مەزمۇنى ۋە ئاساسىي روھىنى چۈشىنىشى كەمچىل بولغاچقا، قانۇننى ئىجرا قىلىش يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئىشى دەپ قارايدۇ. ۋەھالەنكى، بەزى يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى ۋە تارماقلىرى مىللەتلەرگە ئائىت قانۇن، قائىدە - نىزاملارنى ئىجرا قىلىش مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى ۋە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىشى، بىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز، دەپ قارايدۇ. مەسىلەن: بەزى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلار «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلىرىغا ئاكتىپ ياردەم قىلمىغان، سىياسەت، تەدبىر جەھەتتە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە، ئېھتىياجىغا ئانچە كۆپ ئېتىبار بەرمىگەن، «ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەپ» مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا دىيەرلىك ھۆرمەت قىلمىغان، بەزىلىرى بولسا بەزى مەمۇرىي

رايونلارنىڭ دائىرىسىنى ئۆزگەرتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مالىيەگە دائىر چوڭ - چوڭ مەسىلەر ئۈستىدە قارار چىقىرىش ۋاقتىدا ئاپتونومىيىلىك جايلار بىلەن تولۇق مەسلىھەتلەشمىگەن، بەزىلىرى ھەتتا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ، پايدا - تاپاۋتى بار كارخانىلارنى يۇقىرىغا يىغىۋالغان، زىيان تارتىۋاتقان كارخانىلارنى ئاپتونومىيىلىك جايلارغا قالدۇرغان، بەزىلىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىش، تۈرلۈك ئەسلىھەلەرنى قۇرۇش، يەرلىكنىڭ مەنپەئەتىگە ئېتىبار بېرىش، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىنىشىغا ياردەم بېرىش، ئۇلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا باشلاش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىشلىشى يېتەرلىك بولمىغان، مانا بۇ مەسىلىلەر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ۋە ئىقتىساد، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا مۇقەررەر ھالدا پايدىسىز تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى ۋە قائىدە - نىزاملارنى ئۈلگىلىك ئىجرا قىلغان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى داغدۇغىلىق تەشۋىق قىلىپ تەقدىرلىشىمىز، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى، مىللەتلەر قانۇنى ۋە قائىدە - نىزاملارنى ئىجرا قىلمىغان، ھەتتا ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغان ئورۇن ۋە شەخسلەرگە قاتتىق تەنقىد - تەربىيە بېرىشىمىز ياكى ئۇلارنى جازالىشىمىز لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا مىللەتلەر قانۇنى ۋە قائىدە - نىزاملىرىنىڭ سۈرى ۋە نوپۇزىنى قوغدىيالايمىز. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دىن تارتىپ، ئاپتونومىيە نىزامى، ئايرىم نىزاملار، ئادەتتىكى بەلگىلىمىلەرگىچە ھەممىسىگە شەرتسىز ئەمەل قىلىپ ئىجرا قىلىشىمىز، ئۇلارنىڭ قانۇنىي رولىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم، بۇنىڭ ئۈچۈن، مىللەتلەر قانۇنىنى تۈزۈش ۋاقتىدا، قانۇن تۈزۈش بىلەن نازارەت قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشىمىز، مىللەتلەر قانۇنىنى يولغا قويۇش ۋە نازارەت قىلىشقا ئالىت بىر يۈرۈش قائىدە - نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىشىمىز كېرەك. بۇ بىر يۈرۈش قائىدە - نىزاملاردا نازارەتچىلىك ئاپپاراتى ۋە جازالاش پرىنسىپلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، مەمۇرىي جەھەتتە قانۇننى ئىجرا قىلىش ۋە نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش مېخانىزمى كۈچەيتىلىشى، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلار ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك قائىدىلەر تۈزۈپ چىقىلىشى، مەمۇرىي جەھەتتە قانۇننى ئىجرا قىلىش تەرتىپى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، قانۇن تۈزگۈزۈش تارماقلىرى، ئەدلىيە تارماقلىرى، ئاخبارات - تەشۋىقات تارماقلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسى نازارەتچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى، نازارەتچىلىك ئاپپاراتلىرىنىڭ مىللەتلەر قانۇنىنى نازارەت قىلىش مەسئۇلىيىتى ۋە ھوقۇق دائىرىسى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇشى كېرەك.

باش شۇجى مەركەز چاقىرغان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغان دۆلىتىمىزنىڭ 90 - يىللاردىكى مىللەتلەر قانۇنچىلىقى قۇرۇلۇشىنىڭ كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، نازارەتچىلىك مېخانىزمى تۇرغۇزۇش ۋە جازالاش پرىنسىپلىرىنى بەلگىلەش تامامەن زۆرۈر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مىللەتلەرگە ئائىت قانۇن ۋە قائىدە - نىزاملارنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتى ۋە تەلىم - تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر قانۇنچىلىقى ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ھەممە كىشىنى قانۇننى بىلىدىغان، ھەممە كىشىنى قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان قىلىش، شۇ ئارقىلىق مىللەتلەر قانۇنى ۋە قائىدە نىزاملىرىغا رىئايە قىلىش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشنى كىشىلەرنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش لازىم.

(مەريەم ئابدۇللا تەرجىمىسى)



# مىللىي ماتارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى

مۇھەممەت قۇددۇس

ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتى كىشىلەردىن نوقۇل ھالدا تەجرىبىگىلا تايانماستىن، بەلكى پەنگە تايىنىشنىڭ زورۇرلۇقىنى تەلەپ قىلىش بىلەن بىرگە، كىشىلەرنىڭ كونىچە ئاتا بالىغا ياكى ئۇستا شاگىرتقا ئۆگىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا بىلىملىرىنى ھەرگىزمۇ ئىگىلىيەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. بۇ ئوبيېكتىپ جەھەتتىن مەكتەپ ماتارىپىنىڭ زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئورنى ۋە رولىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ھالبۇكى، ھازىر مەملىكىتىمىزدىكى كۆپ قىسىم ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ماتارىپى بەنىلا ئىنتايىن قالاق ھالەتتە تۇرماقتا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى ناھايىتى تۆۋەن. بۇ ھال سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ئويغۇنلىشالمايدۇ.

مەملىتىمىز كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان بىرلىككە كەلگەن سوتسىيالىستىك دۆلەت. مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشتا غەلىبىگە ئېرىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولۇپ، پارتىيە ھۆكۈمەت تارىختىن بۇيان مىللىي مەسىلىگە ئىنتايىن

كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش — مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىكنى تەدرىجىي ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ تۈپ يولى.

مەملىكەت بويىچە، «ھازىر 15 مىلليون ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەك مەسىلىسى تېخىچە ھەل قىلىنغىنى يوق.» نامرات رايونلارنىڭ تەخمىنەن ئۈچتەن بىر قىسمى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان جايلاردا.

دۆلىتىمىز ئازاد بولغىنىغا 40 يىلدىن ئاشقان بۈگۈنكى كۈندە، مىللىي رايونلارنىڭ شۇ قەدەر ئارقىدا قېلىشىدىكى سەۋەبلەر كۆپ، تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك مۇھىت قاتارلىقلارنىڭ سەۋەبلىرىمۇ بار، لېكىن بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەب ھازىر ئېلىمىزنىڭ مىللىي ماتارىپى بەنىلا ئىنتايىن

قالاق بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىگە ماسلىشالمىغانلىقىدىن ئىبارەت.

زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا زۆرۈر بولغان ھەر خىل ئىختىساسلىق كىشىلەر، بولۇپمۇ پەن - تېخنىكا خادىملىرى بىلەن ئىلمىي باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ كەمچىل بولۇشى دەل مىللىي رايونلارنىڭ ئارقىدا قېلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبتۇر. بۇنى ئاساسەن مىللىي رايونلاردىكى مىللىي مائارىپتا ئوقۇتقۇچىلار ئىنتايىن كەمچىل، ئوقۇتۇش سۈپىتى تۆۋەن، خىراجەت يېتىشمەسلىك، ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى كەم، باشقۇرۇش ئۇسۇلى قالاق، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى تۆۋەن بولۇشتەك ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ئالىي دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا خادىملىرى ۋە ئوقۇۋاتقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نىسبىتىدىن قارىغاندا، خەنزۇلاردىن تەخمىنەن 80 مىڭ ئادەم ئىچىدە بىر ئالىي ئىنژېنېر بار، ئاز سانلىق مىللەتتە بولسا، 470 مىڭ ئادەم ئىچىدە ئاران بىرسى بار؛ مەملىكىتىمىزدە، ھەر 10 مىڭ نوپۇس ئىچىدە، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 13 نەپەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بار، لېكىن 10 مىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىچىدە ئاران 7 - 8 ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىجتىمائىي پەن كەسپلىرىدە بولۇپ، تەبىئىي پەن ئۆگەنگەنلەر ناھايىتى ئاز.

ئالىي مائارىپنىڭ ئەھۋالى يۇقىرىقىدەك، مىللىي رايونلاردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ كىشىنى چۆچۈتىدۇ، بالىلار مائارىپى يوق دېيەرلىك. نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ساۋاتسىزلار ۋە چالا ساۋاتلىقلار بىلەن تولغان بولۇپ، كونا ساۋاتسىزلار تۈگىمەستىن، يېڭى ساۋاتسىزلا يەنە تۈركۈملەپ پەيدا بولۇش ھادىسىلىرى خېلىلا ئېغىر. بۇ دەل مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلماسلىقىدىكى بىر سەۋەب.

ئۆگىنىش — ئىنسانلار پەيدا بولغاندىن تارتىپ تاھازىرغا قەدەر، كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىگىلەشتىكى بىردىنبىر يولى. مائارىپ بولسا كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىشتىن ئىبارەت بۇ خىل پائالىيىتىنى زۆرۈر ھەم سىستېمىلىق مەزمۇن ۋە ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن تەمىنلەيدىغان ئۇلۇغ ئىش. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مائارىپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى دېمەكتۇر. بىر دۆلەت، بىر مىللەت، بىر رايوننىڭ مائارىپىنىڭ تەرەققىي قىلىش دەرىجىسى ۋە سۈرئىتى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ تەرەققىياتى ۋە سەۋىيىسىنى بەلگىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر قانداق مىللەتنىڭ مائارىپى ياخشى تۇتۇلمىسا، ئۇنداق مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىن ئېغىز ئېچىش تەس.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ھازىرقىدەك ھالىتىنى پەقەت ئىقتىسادىي قۇتقۇزۇشقىلا تايىنىپ ئۆزگەرتىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، چوقۇم پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ بىلىمنىڭ غايەت زور رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. دەۋرنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، مىللىي رايونلارمۇ ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىپ، مائارىپنى زور كۈچ بىلەن ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مىللىي ئىگىلىكنى مائارىپنىڭ تەرەققىياتىغا تايىنىپ راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنى قان سېلىنىدىغان ئىگىلىكتىن قان بېرىدىغان ئىگىلىككە ئايلاندۇرۇشى كېرەك. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈپ، مىللىي رايونلارنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ.

چۈنكى، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك داۋامىدا ئېرىشكەن تۇرمۇش ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىش بىلىملىرىنى پەقەت مائارىپ ئارقىلىقلا ساقلاپ قالالايدۇ ۋە مىراس قالدۇرالايدۇ. مائارىپ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ھايۋانات دۇنياسىدىن ئايرىلىپ

چىقىشىدىكى ئاچقۇچلۇق ئامىللاردىن بىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنسانلار جەمئىيىتىنى تېز سۈرئەت بىلەن ئالغا يۈكسەلدۈرۈشتىكى مۇھىم شەرتتۇر.

مائارىپنىڭ ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىلا تۈرتكىلىك رولى بولۇپ قالماستىن، مىللىي رايونلارنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە باشقا تەرەپلىرىدىمۇ كۆرسىتىدىغان تەسىرى ناھايىتى چوڭ.

ئالدى بىلەن، مىللىي مائارىپ ئاز سانلىق مىللەت مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى. مەكتەپ مائارىپى خىزمىتى بولسا دەل مەنىۋى مەدەنىيەتكە ماسلاشقان ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى تەلىم - تەربىيىسى قاتارلىق بىر يۈرۈش سىستېمىنى ئورگانىك ھالدا ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن ئىدىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى چوڭ تەرەپنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بارىدۇ.

بىر مىللەتنىڭ قالاق دىنىي ئەنئەنىسى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى پەقەت شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىي - مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۆزىگە تونۇتۇپ ئۆزگەرتكەندىلا ئاندىن ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. چۈنكى، بىر مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتلىرى تارىخىيلىققا، ئاممىۋىلىققا ۋە ئۇزاقلىققا ئىگە.

ئىككىنچىدىن، مائارىپنىڭ يەنە باشقا جەھەتلەردىكى يوشۇرۇن تەسىرى بار بولۇپ، بۇمۇ مىللىي رايونلارنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق.

مۇناسىۋەتلىك تەكشۈرۈشلەر ئىسپاتلىدىكى: ئاتا - ئانىنىڭ مائارىپ سەۋىيىسى قانچە يۇقىرى بولغانسېرى، بوۋاق ۋە باللارنىڭ ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى شۇنچە تۆۋەن بولغان. بىر دۆلەت، بىر رايوندىكى كىشىلەرنىڭ مائارىپنى قوبۇل قىلغان ۋاقتى قانچە ئۇزۇن بولغانسېرى ئۇنىڭ نوپۇسىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى شۇنچە تۆۋەن بولىدۇ. مىللىي مائارىپنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ئومۇملىشىشى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، مەلۇم جەھەتتىن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بالىغا بولغان ئېھتىياجىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. مائارىپ بىر تەرەپتىن، قىز - ئوغۇللارنىڭ توي قىلىش يېشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، توي قىلغان ئاياللارنىڭ ھامىلدار بولۇش نىسبىتى تۆۋەنلىتىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىغا كۆپ پەرزەنتلىك بولۇشنىڭ زىيىنىنى تونۇتۇپ، كۆپ پەرزەنتلىك چوڭ ئائىلە قۇرۇشنى خالىمايدىغان قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نوپۇسىنى كونترول قىلىشنىڭمۇ مۇھىم ۋاستىلىرىدىن بىرى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلار، مىللىي مائارىپنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىش، دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئالاھىدە ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول بولۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قۇدرەتلىك ماددىي ئاساسىي ۋە ئىقتىسادىي ئارقا تۈۋرۈكى. شۇڭا دۆلىتىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ پەن - مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرماي مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، مىللىي مائارىپنىڭ ئاساسىي ئاجىز، تەرەققىياتى ئاستا ۋە تەكشىسىز بولغاچقا، مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، پايدىلىق بولغان ئالاھىدە فاڭجېن - سىياسەت ۋە چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

1. بارلىق چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ مىللىي مائارىپ خىراجىتىنى كۆپەيتىش لازىم.

خىراجەت، ئوقۇتقۇچى، مەكتەپ مائارىپىدىكى ئۈچ مۇھىم ئامىل بولۇپ، ھېچقايسىسى كەم بولسا بولمايدۇ.

خىراجەت بولمىسا مائارىپنى راۋاجلاندۇرغىلى بولمايدۇ. مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشتا دۆلەت كۈچى يېتىشمىگەن ئەھۋالدا، ئاممىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆپ خىل يوللار بىلەن مائارىپ خىراجىتى توپلاشقا بولىدۇ، بىراق بۇ ئۇسۇلنىڭ ئەكس تەسىرىنى كۆرۈشىمىز كېرەك: روشەنكى ئىقتىسادىي بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان جايلار كۆپ ھاللاردا، مەدەنىيەت - مائارىپ سەۋىيىسىمۇ بىر قەدەر يۇقىرى بولغان جايلار بولۇپ، مۇقەررەر ھالدا مائارىپنى گۈللەندۈرۈش شارائىتى بار جايلاردۇر؛ ئەكسىچە، نامرات جايلار بولسا مەدەنىيەت مائارىپ سەۋىيىسى تۆۋەن، ھەتتا ساۋاتسىزلار ئىنتايىن كۆپ جايلار بولۇپ، مائارىپنى گۈللەندۈرۈشتە ھېچقانداق شارائىتى بولمىغان جايلاردۇر. مەملىكىتىمىزدىكى كۆپلىگەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلمىغان، ئاممىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇپ، مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ شارائىتى ئىنتايىن ناچار. بۇ، دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن، خىراجەت جەھەتتىن تېخىمۇ كۆپ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

2. «مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى» نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك.

خېلى كۆپ ساندىكى، ئوقۇش يېشىدىكى ئاز سانلىق مىللەت پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇشقا كىرىش ۋە مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى ھازىرقىدەك تۆۋەن بولغان ئەھۋال ئاستىدا، «مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى» بولسا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، ئۇ مەجبۇرلاش خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم قانۇنى ئاساسى ۋە كۈچلۈك تۈۋرۈكى.

3. باشلانغۇچ مائارىپ بىلەن بالىلار مائارىپىغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

باشلانغۇچ مائارىپ پۈتكۈل مائارىپنىڭ ئاساسى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باشلانغۇچ مائارىپى ياخشى يولغا قويۇلمىسا، ئوتتۇرا، ئالىي مائارىپنىڭ تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

بالىلارنىڭ زېھنىي تەرەققىياتىنىڭ ياش باسقۇچىدىن قارىغاندا، بالىلار باشلانغۇچ مائارىپنى قوبۇل قىلىۋاتقان مەزگىلدە، تولارغا مول مەزمۇنلۇق مۇھىت يارىتىپ بېرىش ئىنتايىن مۇھىم. بولۇمنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى سەككىز ياشتىن كېيىنكى بالىلارنىڭ زېھنى تەرەققىياتىغا ناھايىتى ئاز تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇھىتنىڭ بالىلارنىڭ زېھنىي كۈچىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەڭ كۆپ تەسىر كۆرسىتىدىغان مەزگىل بىر ياشتىن بەش ياشقىچە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەتلەر باشلانغۇچ مائارىپ ۋە بالىلار مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

4. مىللىي سىنىپەن مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىنتايىن كەمچىل بولۇشى، بار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا، مىللىي مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن بېرىلىپ ئىشلەيدىغان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىق ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى پىششىق بىلىدىغان، قوش تىل (خەنزۇ تىلى ۋە يەرلىك مىللەت تىلى) ئارقىلىق ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنالايدىغان خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا بولىدۇ. بىراق ئۇنداق ئادەملەر يوق دېيەرلىك بولۇپ، مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشتا، تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا يەنىلا شۇ جايدىكى مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. بۇ مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇپ، قالاق قىياپەت ۋە ئاجىز ئاساسنى ئۆزگەرتىشتىكى ئاچقۇچ.

5. كەسپىي مائارىپنى چىڭ تۇتۇش كېرەك.

مىللىي رايونلار نامراتلىقتىن ھەقىقىي قۇتۇلۇپ، باي بولۇش ئۈچۈن، چوقۇم ئۆزىنىڭ يەرلىك سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى لازىم. ھالبۇكى، يەرلىك سانائەتكە كېرەكلىك بولغان كەسپىي تېخنىكا خادىملارنىڭ كۆپ قىسمى كەسپىي مائارىپ ئارقىلىق تەربىيىلەپ چىقىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللىي رايونلار ئۆز جايىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، كەسپىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرغاندىلا، ئاندىن مىللىي رايونلاردىكى بايلىق مەنبە ئۈستۈنلۈكىنى تاۋار ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتەرگىلى بولىدۇ.

6. ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇشنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشى تارقاق بولۇپ، چەت، ياقا رايونلارغا تارقالغان. ئوقۇغۇچىلار كىچىككىنىلا ھەرىكەت دائىرىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن، بىلىم دائىرىسى تار. شەھەر باللىرى كۆرگەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى يېزا ۋە تاغلىق رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەت پەرزەنتلىرى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى يىللىقىغا چىققاندىمۇ كۆرەلمەيدۇ. ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش دەل مۇشۇ جەھەتتە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارى ۋە نامەلۇم ساھەگە قارىتا ئاكتىپ تەپەككۇر يۈرگۈزۈش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ.

7. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مائارىپ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك.

مەملىكىتىمىزدىكى نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىق، ئۆرپ - ئادەت قاتارلىق جەھەتلەردە، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى باشقا نۇرغۇن مىللەتلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتكە ۋە ئورتاقلىققا ئىگە. بۇ ئوبيېكتىپ جەھەتتىن مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشتا، ئۇنىڭ پۈتۈن مەملىكەت مائارىپىنىڭ تەرەققىيات ستراتېگىيىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىمۇ، خەلقئارا مائارىپنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنىمۇ ئويلىشىمىز لازىم.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مىللىي مائارىپنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ستراتېگىيىلىك ئورۇندا تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ غايەت زور رولىنى جارى قىلدۇرالىشى، ئۇ ئادەم تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ بارلىق نەتىجىلىرى كىشىلەرنىڭ پائالىيىتىنى ئاساس قىلغانلىقىدىن ئىبارەت. كىشىلەرنىڭ پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە سىياسىي ئىدىيىۋى ئاڭ سەۋىيىسى قانچە يۇقىرى بولغانسېرى، ئۇلارنىڭ ئەمگەك نەتىجىسى شۇنچە چوڭ، ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى شۇنچە يۇقىرى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى تېخىمۇ روھلۇق ھەم رەتلىك بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىي مائارىپقا بولغان تونۇشىمىزنى ئۆستۈرۈپ، پارتىيە ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي مائارىپقا دائىر سىياسىتى ۋە «مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى» نىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىنىڭ ھەقىقىي ئىزچىللىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىشقا ئاشىدىغان پايدىلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەت مائارىپ ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنى، جۈملىدىن ياش - ئۆسمۈرلەرنى ياراملىق كىشىلەردىن قىلىپ يېتىلدۈرۈپ چىقىشىمىز كېرەك.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ئادەتتىكى مائارىپ باشقارمىدا ئىشلەيدۇ)

## ئۆزگىچە ئادەتلەر

دۆلىتىمىزدە ماشىنىلار يولنىڭ ئوڭ تەرىپى بىلەن ماڭىدۇ، پاكىستان، ئاۋستىرالىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە بولسا، ماشىنىلار يولنىڭ سول تەرىپى بىلەن ماڭىدۇ.

دۆلىتىمىزدە چاشقان تۆت زىيانداشنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ، ھىندىستاننىڭ غەربىدىكى راجاستاف شىتاتىدا بولسا، چاشقان مۇقەددەس مەخلۇق دەپ قارىلىپ قوغدىلىدۇ.

دۆلىتىمىزدە، باشمالتاق قولنى چىقىرىش ماختاش مەنىسىنى، چىمچىلاق قولنى چىقىرىش مەنسىتمەسلىك مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ياپونىيەدە بولسا، باشمالتاق قول «غوجام» دېگەن مەنىنى، چىمچىلاق قول «ئاشنا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئامېرىكىدا، باشمالتاق قولنى چىقىرىش يولدا ماشىنا توساش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئىراندا، ماختاش ئىپادىسىنى بىلدۈرۈشتە باشمالتاق قولنى چىقىرىشقا بولمايدۇ.

تايلاندتىكى كىلۆن مىللىتىنىڭ بىر تۇراۋۇك ئەنئەنىۋى كۆز قارىشى بار، ئۇ بولسىمۇ، ئۆلگەن كىشىنىڭ روھى جەننەتكە كىرمەكچى بولسا، ناخشا سادىسىنىڭ ياردىمىگە تايىنىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. شۇڭا، بىرەرسى ئۆلسە، ئۇلار ناخشا ئېيتىشقا ئۇستا قىز - يىگىتلەرنى تاللاپ، ئۆلگەن كىشىنىڭ روھىنىڭ جەننەتكە كىرىشى ئۈچۈن، نەچچە كېچە - كۈندۈز ناخشا ئېيتقۇزىدۇ.

دۆلىتىمىزدە، توخۇ تۇخۇمى يېگەن تۇغقان ئاياللارنىڭ ياخشى ئوزۇقلۇقى ھېسابلىنىدۇ. نىگېرىيەدە بولسا، ئاياللار تۇخۇم يېسە تۇغماس بولۇپ قالىدۇ، دەپ قارىلىدۇ، شۇڭا، تېخى تۇغمىغان ئاياللارنىڭ تۇخۇم يېيىشى مەنئى قىلىنىدۇ. ماراكەشتە ئاياللار ئاۋادا ئېرىنىڭ ئالدىدا تۇخۇم يەپ قالسا، قەستەن تۇغۇتىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق دەپ قارىلىدۇ.

يەكشەنبە كۈنى، لوندوندىكى سودا دۇكانلىرى تىجارەتنى توختىتىدۇ، بارلىق تىياتىرخانىلار ۋە كۆپ ساندىكى كىنوخانىلارمۇ تىجارەت قىلمايدۇ، چۈنكى، لوندونلۇقلارنىڭ ھەممىسى يەكشەنبە كۈنلىرى شەھەردىن چىقىپ، سەھرا سەيلىسى قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

مالتا ھىندى ئوكياندىكى بىر ئارال دۆلىتى بولۇپ، ئۇ يەردە ياشايدىغان خەلقلەر مۈشۈكنى قەۋەتلا ئۆچ كۆرىدۇ. ئۇلار مۈشۈكنى بەختسىزلىكنىڭ سىمۋولى قىلىۋالغانلىقتىن، بۇ دۆلەتتە بىرمۇ مۈشۈك يوق.

ھىندىستانلىقلار باللارنى داسقا ياكى ۋاننىغا چىلاپ يۇيۇندۇرۇشنى راۋا كۆرمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار داستىكى سۇنى ئاقمايدىغان ئۆلۈك سۇ دەپ قارايدۇ.

## ئاق خوراز گۆشى بىلەن دىئابېت (قەنت) كېسىلىنى داۋالىغىلى بولىدۇ

ئاق خورازدىن بىرنى (بىر - ئىككى كىلوگرام كېلىدىغىنى مۇۋاپىق) ئۆلتۈرۈپ، يۇڭداپ، تازىلاپ، پارچىلاپ سەنشىنىڭ 200 گرام كونا ئاچچىقسۇيىگە بىر سائەت چىلىغاندىن كېيىن، قوم قازان ياكى تۆمۈر قازانغا (ئاليۇمىن قازان ياكى يۇقىرى بېسىملىق قازان ئىشلىتىش مۇۋاپىق ئەمەس) سېلىپ سۇ قويۇپ (ھېچقانداق خۇرۇچ سالماي)، سۇس ئوتتا سۆڭەكى بىلەن گۆشى ئايرىلغۇچە قاينىتىپ پىشۇرۇلىدۇ. بىمار خوراز گۆشى بىلەن شورپىنى ئۈچ كۈنگە بۆلۈپ ئىستېمال قىلىدۇ، بىر خورازنى يېيىش بىر داۋالاش باسقۇچى بولىدۇ، بىرىنچى داۋالاش باسقۇچىدىن ئىلگىرى بىمار دوختۇرخانىغا بېرىپ سۈيدۈكتىكى ۋە قاندىكى شېكەر ماددىسىنى ئۆلچىتىشى، ھەر بىر داۋالاش باسقۇچىدىن كېيىن بىمار دوختۇرخانىغا بېرىپ سۈيدۈك ۋە قاندىكى شېكەر ماددىسىنى ئۆلچىتىپ، نورماللاشقىچە يېيىش كېرەك. بەزى بىمارلارنىڭ كېسىلى ئۈچ ياكى بەش داۋالاش باسقۇچىدىلا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. كۆپ بولغاندا سەككىز ياكى توققۇز داۋالاش باسقۇچىدىن كېيىن ساقىيىپ كېتىدۇ.

## يۇمۇرلۇق قەبرە

## يادنامىلىرى

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى، ئالەم بوشلۇقى ئالىمى چىئولكوۋسكى پۈتۈن ئۆمرىنى ئۆزى قىزغىن سۆيگەن كەسپكە بېغىشلىغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى «ئالەم گراژدانى» دەپ ئاتىغان، ئۇ 1935 - يىلى بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقاندا، ئۇنىڭ قەبرە تېشىغا ئۇنىڭ مۇنۇ مەشھۇر سۆزى يېزىلغان: «يەر شارى ئىنسانىيەتنىڭ بۆشۈكى. لېكىن ئىنسانلار مەڭگۈ بۆشۈكتە ياشاۋەرمەيدۇ. ئۇلار ياشاش دۇنياسىنى ۋە بوشلۇقنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىشكە تىرىشىدۇ، دەسلەپتە ئېھتىيات بىلەن ئاتموسفېرا قاتلىمىدىن ئۆتىدۇ، ئاندىن قۇياش سىستېمىسىنى بويسۇندۇرىدۇ.»

بۇنىڭدىن بىر قانچە يىل ئىلگىرى، گېرمانىيىنىڭ مەشھۇر دراماتورگى فېھت ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمى ئىنتايىن داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. بىراق قەبرە تېشىغا سۆزى ئاددىي، ئەمما مەنىسى چوڭقۇر، كىشىنىڭ يادىدىن مەڭگۈ كەتمەيدىغان بىرلا سۆز يېزىلدى: «دراما تامام».

يېقىندا ۋاپات بولغان فرانسىيە پىشانىستى لاموس سەكراتقا چۈشكەندە ئۆز شاگىرتلىرىغا مۇنداق ۋەسىيەت قالدۇردى: «قېلىپلىشىپ كەتكەن تەزىيە نۇتقى، ئېلان قىلماڭلار، لېكىن مەرمەر قەبرە تېشىمغا ئالتۇن رەڭلىك ئۈندەش بەلگىسى ئويۇپ قويۇشنى ئۇنتۇماڭلار.

شىۋېتسارىيە سودا - سانائەت ساھەسىدىكىلەر بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقان بىناكارلىق ساھەسىنىڭ گىگانتى جېكسوننىڭ قەبرە تېشىغا ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدا تولا دەيدىغان بىر جۈملە سۆزىنى يېزىپ قويدى: «ئىشلىتىش كۆلىمى: ئون چىدىن ئارتۇق!»

ئەنگلىيە تەنتەربىيە كۇلۇبى دۇنيا چېمپىيونى بولغان گولف توپ ماھىرى ئۆلۈپ كەتكەندە، ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىنغان گۈلچەمبىرەككە مۇنۇلارنى يازدى: «پەقەت مۇشۇ قېتىم كاماغا كىرگەندە مۇكاپات لوڭقىسى بېرىلمىدى».

## سىگانلارنىڭ

## مەنبەئەسى

سىگانلارنىڭ ياۋروپادا پەيدا بولۇشى، تەخمىنەن 14 - ئەسىر ئەتراپىدىكى ئىش، كۆپ يىللاردىن بۇيان، كىشىلەر سىگانلارنىڭ مەنبەسى زادى قايسى جايدا ئىكەنلىكىنى تالاش - تارتىش قىلىپ كەلگەن ئىدى، ھازىر ئۇلارنى ھىندىستاندىن كەلگەن دەپ مۇقىملاشتۇردى، چۈنكى سىگانلار قوللىنىۋاتقان رومان تىلى بىلەن قەدىمكى ھىندىستاننىڭ سانسكرىت تىلى ئاساسەن ئوخشايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلار 10 - ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە ئىسلام دىنى مۇرىتلىرى ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلغاندا ئۇ يەردىن قېچىپ چىقىپ، ئوتتۇرا شەرق، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق ياۋروپاغا بارغان.

ھازىر سىگانلار بىلەن قېنى ئوخشاش بولغان بەنگالا مىللىتى يەنىلا ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتنى ساقلاپ كەلمەكتە. يەنى ئاياللار قات - قات شايى بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالماستىن، بەلكى چۆرىسىگە يېشىل، سېرىق، كۆك جىيەك تۇتۇلغان، قورساق قىسمى ئازراق ئوچۇق قويۇلغان توق قىزىل كۆڭلەك كىيىدۇ. ياقۇت ۋە پارقىراق كۆزلەر بېكىتىلگەن رومال ئارتىدۇ. جىلتىكسى ۋە كۈمۈش ھالقىسى، بېشىدا كۆتۈرىۋالىدىغان چۆگۈنى بىلەن بەئەينى سىگانلارنىڭ ئۆزى.

بۇنىڭدىن 15 يىل ئىلگىرى پەنجاپ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى چانگىبر شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا سىگان بايرىمىدا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 50 نەپەر سىگان ۋەكىلى بىر يەرگە جەم بولدى. زىياپەت مەزگىلىدە، ياۋروپالىق سىگان ۋەكىلى رومان تىلى بىلەن ھىندىستاننىڭ بەنگالا ۋەكىلى بىلەن سۆزلەشكەندە بىمالال چۈشىنىپلا قالماي، يەنە نۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ئوخشايدىغانلىقى ئىسپاتلانغان، ئالاقە قىلىشمىغىلى نەچچە مىڭ يىل بولغان بولسىمۇ، يەنىلا تىل ۋە قانداشلىق مۇناسىۋەتنىڭ ئورتاق ساقلىنىپ قېلىشى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان. (ئەكرەم نىياز.ت)

جۇڭگوغا ۋە چەت ئەلگە، قەدىمگە ۋە ھازىرغا نەزەر سالىدىغان بولساق، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى بىر نىسبىي ئۇقۇم بولۇپ، ئۇنى دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، ئەنئەنىۋى تىپتىكى گۈللىنىش ۋە زامانىۋى تىپتىكى گۈللىنىش دەپ ئايرىشقا بولىدۇ.

ئەنئەنىۋى تىپتىكى مىللىي گۈللىنىش ئەنئەنىۋى ئىگىلىككە ۋە نوپۇسنىڭ ئەنئەنىۋى ھالدا تەكرار ھاسىل قىلىنىش خاراكتېرىگە ماس كەلگەن ھەممە ئۇنى ئاساس ۋە ئالدىنقى شەرت قىلغان. ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاھالە ئاساسەن بىرىنچى كەسىپ

# زامانىۋى تىپتىكى مىللىي گۈللىنىشنىڭ مىقدار كۆرسەتكۈچى ھەققىدە تەسەۋۋۇر

جاڭ تيەنلۇ

تارماقلىرىغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئۇلار قول سانائەت ئەمگىكى ئاساس قىلىنغان ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش ياكى يېرىم ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش خاراكتېرىدىكى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن، بۇ خىلدىكى ئەمگەك كۈچلىرى ئۈچۈن كۈچلۈك بەدەن ۋە مۇئەييەن ئەنئەنىۋى ئەمگەك تەجرىبىسى ياكى تېخنىكىسى بولسىلا كۇپايە، بۇنداقتا ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرۈنەرلىك ھالدا ئۆستۈرۈپ كەتكىلى بولمايدۇ، تەبىئىي بايلىق مول دېيىلگەندىمۇ، ئۇنى ئىلمىي يوسۇندا تولۇق ئاچقىلى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلمىي يوسۇندا تولۇق پايدىلانغىلى بولمايدۇ؛ مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ۋە مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئاشۇرۇلۇشى ئاساسەن، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتىشكە ۋە ئەمگەك ۋاقتىنى ئۇزارتىشقا باغلىق بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، «ئەنئەنىۋى تىپتىكى مىللىي گۈللىنىشتە، نوپۇسنى كۆپەيتىش، ئاھالىنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىشلا قوغلىشىلىدۇ.

زامانىۋى تىپتىكى مىللىي گۈللىنىش ھازىرقى زامان ئىگىلىكىگە ۋە نوپۇسنىڭ ھازىرقى زاماندىكى تەكرار ھاسىل قىلىنىش خاراكتېرىگە ئۇيغۇنلاشقان ھەممە ئۇنى ئالدىنقى شەرت قىلغان بولىدۇ. ئىنسانلار جەمئىيىتى پار دەۋرىدىن ئېلېكترون دەۋرىگە ۋە ئاتوم ئېنېرگىيىسى دەۋرىگە ئۆتۈشتىن ئىبارەت بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىملىق تېخنىكا ئىنقىلابىنى باشتىن كەچۈردى، نۆۋەتتە بولسا سانائەت مەدەنىيىتى دەۋرىدىن ئۇچۇر مەدەنىيىتى دەۋرىگە قەدەم قويۇۋاتقان تۆتىنچى قېتىملىق تېخنىكا ئىنقىلابى دولقۇنىغا يۈزلەنمەكتە، بۇ ھال ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تېخىمۇ يۇقىرى تەرەققىيات باسقۇچىغا كۆتۈرۈشكە، شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ يېڭى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىشى ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بەردى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاھالىنىڭ مەدەنىيەت، ئىلىم - پەن ساپاسىغا نىسبەتەن تېخىمۇ يېڭى ۋە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى قويدى.

مەيلى ھازىر بولسۇن ياكى كەلگۈسىدە بولسۇن، مەلۇم بىر دۆلەت، مەلۇم بىر مىللەتنىڭ گۈللىنىپ روناق تاپقانلىقىغا قاراشتا شۇ دۆلەت، شۇ مىللەتنىڭ ئىنسانىيەت تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ دەرىجە ئاتلاش قەدىمىگە يېتىشىپ ماڭالىغان - ماڭالمىغانلىقى، تېخنىكا ئىنقىلابىي دولقۇنىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا باشلامچىلىق قىلالىغان - قىلالمىغانلىقى، تۈرتكە بولالىغان - بولالمىغانلىقى ئاساسىي ئۆلچەم قىلىنىدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئويناش ياكى

توسقۇنلۇق قىلىش رولىنى ئويناشمۇ «نوپۇس ئىنقىلابى» نىڭ «تېخنىكا ئىنقىلابى» غا ماسلاشقان - ماسلاشمىغانلىقىغا باغلىق بولىدۇ.

2

ئەگەر زامانىۋى تىپتىكى مىللىي گۈللىنىش ئۇقۇمىنى مىقدار كۆرسەتكۈچى بىلەن لايىھىلەپ چىقساق، بۇ كۆرسەتكۈچ پۈتۈن دۇنيادا ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان 2000 — 3000 دەك مىللەت ئۈچۈن، خۇسۇسەن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ۋە رايونلاردىكى مىللەتلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ئەمەلىي ئىشلىتىش قىممىتىگە ۋە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولىدۇ.

بۇ ھەقتىكى تۈپ كۆرسەتكۈچكە دائىر دەسلەپكى تەسەۋۋۇرلار تۆۋەندىكىچە:

1. كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 3500 ئامېرىكا دوللىرىدىن يۇقىرى بولۇش (دۇنيانىڭ 1990 — 1991 - يىللىق ئوتتۇرىچە سانىغا ئاساسەن تەسەۋۋۇر قىلىندى)؛

2. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 12 — 15 پىرسەنتىنى ئىگىلەش؛

3. ئۈچىنچى كەسىپنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 45 پىرسەنتتىن يۇقىرى بولۇش؛

4. يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كەسىپ تارماقلىرى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 30 پىرسەنتتىن تۆۋەن بولۇش؛

5. شەھەر - بازار ئاھالىسىنىڭ ئومۇمىي ئاھالە ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 50 پىرسەنتتىن يۇقىرى بولۇش؛

6. چوڭلارنىڭ ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى چوڭلار ئومۇمىي سانى ئىچىدە 95 پىرسەنتتىن يۇقىرى بولۇش؛

7. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان باللارنىڭ نىسبىتى (12 — 17 ياشلىق باللار ئومۇمىي سانىنىڭ) 80 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەش؛

8. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى (20 — 24 ياشلىقلار ئىچىدە) 10 - 15 پىرسەنتىنى ئىگىلەش (يۇقىرىدىكى ئىككى تۈرلۈك تەسەۋۋۇر دۇنيا بانكىسىنىڭ 1988 — 1989 - يىللىق «دۇنيانىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ھەققىدە دوكلات»ىغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلدى)؛

9. ھەر بىر دوختۇر خىزمەت قىلىدىغان ئادەم سانى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1000 دىن تۆۋەن بولۇش، كېسەللەر ئۈچ سائەت ئىچىدە دوختۇرغا كۆرۈنەلەيدىغان بولۇش؛

10. بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى مىڭدىن 20 پىرسەنت ئۆپچۆرىسىدە بولۇش؛

11. كىشىلەرنىڭ ئالدىن مۆلچەرلەنگەن ئوتتۇرىچە ئۆمرى 70 ياشقا يېتىدىغان بولۇش؛

12. ئاھالىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى مىڭدىن 10 پىرسەنت ئىچىدە تىزگىنلىنىش؛ نوپۇسنىڭ ھەسسىلەپ ئېشىش ۋاقتى 70 يىلدىن كۆپرەككە يېتىش؛

13. بالاغەتكە يەتكەنلەر ئاھالىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئىگىلىگەن بولۇش، ئۆسمۈرلەر ۋە بالىلارنىڭ سانى ئومۇمىي ئاھالە ئىچىدە 25 پىرسەنتتىن تۆۋەن بولۇش، ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 30 ياش ئۆپچۆرىسىدە بولۇش.

يۇقىرىدا تەسەۋۋۇر قىلىنغان كۆرسەتكۈچلەر ئومۇمەن ھازىرقى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيىسىدىن يۇقىرىراق، بىراق تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيىسىدىن تۆۋەن تۇرىدۇ ياكى كۆپ تۆۋەن تۇرىدۇ. قايسىبىر مىللەت يۇقىرىدىكى كۆرسەتكۈچلەرگە يەتتى دېيىلگەندىمۇ، ئۇ پەقەت زامانىۋى مىللىي گۈللىنىشنىڭ بىرىنچى باسقۇچىغا قەدەم قويغان بولىدۇ، چۈنكى ئۇنى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، پەرق تېخى ناھايىتى زور، ھالبۇكى،

دۇنيانىڭ پەن - تېخنىكا، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تەرەققىياتى ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىگەنسېرى، ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بارغانسېرى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. شۇڭا، بۇ تارىختىكى مەدەنىيەت ئۈستۈنلۈكى ئەرەب دۆلەتلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ.

دۇنيانىڭ پەن - تېخنىكا، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تەرەققىياتى ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىگەنسېرى، بۇ دۇنيانىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىدە ئاجايىپ چوڭ ئۆزگىرىش بولىدۇ.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ھەر قانداق كۈرەشتىكى پادىروسى ۋە ئاساسى — ئاھالىنىڭ تۇرمۇش ساپاسىدۇر، ۋاھالەنكى ئاھالىنىڭ تۇرمۇش ساپاسىدا پۈتۈن مىللەتنىڭ ۋە ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاھالىنىڭ تەربىيە ئېلىش دەرىجىسى ھەم پەن - تېخنىكا سەۋىيىسى مەركىزىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئاھالىنىڭ پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت ساپاسى ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ. بۇ، «ئاھالە، مائارىپ، ئىقتىساد» ماس ھالدا راۋاجلانغان ئەندىزە دەپ ئاتىلىدۇ.

3

ئىچكى - تاشقى جەھەتتىكى سانسىز ئەمەلىيەت ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىن تەكرار ئىسپاتلىدىكى، ئاھالە، مائارىپ، ئىقتىساد ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ماس كېلىش - كەلمەسلىكى — بىر دۆلەت، بىر رايون ياكى بىر مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي تېپىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.

ياپونىيە ئاھالە، مائارىپ، ئىقتىسادنى ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە بۇلارنى تېز ئارا ئىلگىرى سۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش جەھەتتە خېلى زور مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پايدىلىنىشىغا ۋە ئەينەك قىلىشىغا ئەرزىيدۇ. ياپونىيە يەر زېمىنى تار، ئاھالە كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ، ئاھالىنىڭ زىچلىقى ئىنتايىن يۇقىرى، تەبىئىي بايلىقى بەكمۇ كەمچىل بولغان بىر دۆلەت. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ياپونىيىدە ئاھالىنىڭ كۆپىيىشى بەك تېز بولۇپ كەتتى (1945 — 1950 - يىل ئارىلىقىدا، ئاھالە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2.9 پىرسەنتتىن كۆپىيىپ باردى)، پۈتكۈل ياپونىيە دۆلىتى ئىشسىزلىق، نامراتلىق ۋە ئاچارچىلىق ئىچىدە جان تالاشتى، مۇشۇنداق ئېغىر ئەھۋال ئاستىدا، ئۇلار بەلنى باغلاپ ئۈچ جەھەتتە كەسكىن تەدبىر قوللاندى.

بىرىنچى، تۇغۇت سىياسىتىدە نىشان توغرىلاندى. ئىلگىرى ئۇلاردا تۇغۇشقا ئىلھام بېرىش سىياسىتى قوللىنىلاتتى، شۇنىڭدىن كېيىن تۇغۇت جەھەتتە ئائىلە پىلانى ۋە نوپۇسنى تىزگىنلەش سىياسىتى قوللىنىلىپ، تۇغۇلۇش نىسبىتى تېزلا تۆۋەنلىتىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە داۋاملىق تۆۋەنلىتىلىپ، 1990 - يىلى يۈزدە بىر پىرسەنتكە چۈشۈرۈلدى.

ئىككىنچى، ئومۇمىي خەلقنىڭ مائارىپ ئىشلىرى كەڭ راۋاجلاندۇرۇلدى. 1910 - يىللار ئۇلارنىڭ مائارىپ خىراجىتى مىللىي دارامەتنىڭ 5.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پەن - تېخنىكا جەھەتتە ياۋروپا ۋە ئامېرىكىلاردىن جىق ئارقىدا قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئومۇمىي خەلق مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بەردى، مائارىپ مەبلىغىنى تېخىمۇ كۆپەيتتى، ئىقتىسادىي ئەھۋال ئىنتايىن قىيىنچىلىقتا تۇرۇۋاتقان 1954 - يىلمۇ، ئۇلارنىڭ مائارىپ خىراجىتى يەنىلا مىللىي دارامەتنىڭ 5.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇ سان غەربىي گېرمانىيە، دانىيە، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەلەرنىڭ شۇ يىللاردىكى مائارىپ خىراجىتىدىن 1.2 — 2.9 پىرسەنتكىچە يۇقىرى بولدى. ئۇلار 1950 - يىلدىن 1972 - يىلغىچە مائارىپ خىراجىتىنى 25 ھەسسە ئۆستۈردى، مائارىپ خىراجىتىنىڭ مەمۇرىي خىراجەت ئىچىدىكى نىسبىتى 20 پىرسەنتتىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلاردا 1976 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى ئومۇملاشتۇرۇلدى. چوڭلارنىڭ ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى 99 پىرسەنتكە يەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار يەنە چوڭلار مائارىپىنى، كەسپىي مائارىپنى، تېخنىكا مائارىپىنى كۈچەپ

راۋاجلاندۇرۇپ، بىلىم قۇرۇلمىسىنى يېڭىلاش ۋە خادىملارنى تەربىيەلەش ئىشىنى ھەدەپ كۈچەيتتى.

ئۈچىنچى، ئىقتىساد تېزلىكتە گۈللەندۈرۈلدى. ئۇلار 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش پىلانىنى يولغا قويغان ئىدى، 1955 - يىلغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي بايلىق مىقدارى 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكىدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ كەلدى ھەمدە باشقا سانائەت دۆلەتلىرىدىن ئۈستۈن تۇرۇشتەك ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى. ئۇلارنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1965 - يىلى ئەنگلىيەدىن 1967 - يىلى غەربىي گېرمانىيە ۋە فرانسىيەدىن ئېشىپ چۈشتى، ئىقتىسادىي كۆلىمى كاپىتالىزم دۇنياسى بويىچە 2 - ئورۇنغا ئۆتتى. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى جەھەتتە، نۆۋەتتە ئامېرىكىغا يېقىنلىشىشتىن ئامېرىكىدىن ئېشىپ كېتىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى.

ياپونىيىنىڭ بۇنداق يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلالىشى 50 - يىللارنىڭ بېشىدا تۇغۇت سىياسىتىدە نىشاننى توغرىلىغانلىقى ۋە تۇغۇلۇش نىسبىتىنى تېزلىكتە تۆۋەنلەتكەنلىكىدىن بولدى. ئۇنداق قىلمىغاندا، مائارىپنى، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئۇنچە كۆپ مالىيە كۈچى ۋە ماددىي كۈچ ئاجرىتالمىغان بولاتتى. ئۇلار مائارىپ ئىشلىرىنى ھەدەپ تەرەققىي قىلدۇرغانلىقتىن، ئۆز مىللىتىنىڭ پەن - تېخنىكا سەۋىيىسىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرەلىدى، چەت ئەللەرنىڭ ئىلغار تېخنىكىسىنى قوبۇل قىلالىدى ۋە يېڭىلىيالىدى. شۇنداقلا «ياپونچە» يېڭى ھۈنەر - سەنئەت، يېڭى تېخنىكا، يېڭى مەھسۇلاتلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، ئۆتكۈر بازار رىقابىتىدە باشتىن - ئاخىر غالىپ كېلەلىدى، شۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە نوپۇسنىڭ زامانغا لايىق تەكرار ھاسىل قىلىنىش خاراكتېرىنى يارىتىپ، مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئۆسۈشىنى قولغا كەلتۈرەلىدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئاھالىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش، قېرىلارنىڭ بېقىلىش مەسىلىسى شۇنداقلا مەكتەپكە كىرىش، داۋالىنىش، تۇرالغۇ ئۆي مەسىلىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى بېسىمنى بىر قەدەر ئوڭۇشلۇق يېنىكلەتتى؛ ئاھالىلەرنىڭ بولۇپمۇ بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى تۆۋەنلىتىلىپ، ئاھالىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرىنى ئۇزارتتى.

شۇنداق بولغاچقا، ئاھالە، مائارىپ ۋە ئىقتىسادنىڭ ماس قەدەمدە راۋاجلىنىشىنى توغرا يولغا سېلىش — «ئاھالە سانىنى تىزگىنلەش، ئاھالىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، مىللىي ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش»نىڭ ئېھتىياجى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ زامانىۋى تىپتىكى مىللىي گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى.

4

ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاھالە كۆلىمىنى دۇنيادىكى بەزى دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ئاز دېگىلى بولمايدۇ، ئەمما خەنزۇلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەر يەنىلا ئاز ساننى ئىگىلەيدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش كېرەكمۇ - يوق دېگەن مەسىلىدە، تەكرار ۋە ئەمەلىي تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە پەيدىنپەي بىرلىككە كەلگەن مۇنداق بىر تونۇش شەكىللەندى، ئۇ بولسىمۇ نوپۇس مەسىلىسىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلە خەنزۇلار دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەردىن قېلىشمايدۇ، بەزى جايلاردا ھەتتا مەسىلە خەنزۇلارنىڭكىدىنمۇ ئېغىر. مەسىلەن، ئاھالە بەك تېز كۆپىيىپ كېتىۋاتقاچقا، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر، ئاشلىق ۋە ئىقتىسادىي كىرىم ئۇدا تۆۋەنلەپ كەتتى؛ داۋالىنىش، ساقلىقنى ساقلاش، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئوقۇشقا كىرىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى بېسىم ئۈزلۈكسىز ئېغىرلاشتى. ئاخىرى بېرىپ ئاھالىلەرنىڭ ساپاسى مەسىلىسى بارغانسېرى گەۋدىلىك بىر مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى؛ ئېكولوگىيىلىك

مۇھىتىنىڭ يامانلىشىپ كېتىش ۋەزىيىتى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى... شۇڭا، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى مىللىي گۈللىنىشنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنىڭ تېزلىتىلىشىنى جىددىي تەلەپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش جەھەتتىكى ئاكتىپلىق بارلىققا كەلدى. بەلكى بەزى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ياكى ئاز سانلىق مىللەت ئائىلىلىرى ئۆز جايىنىڭ ياكى ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، يۇقىرىغا تەستىقلىتىپ ئولتۇرماستىنلا ئۆزلۈكىدىن پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويدى ۋە خېلى بۇرۇنلا «ئىككى بالىنى ئەي قىلساقلا بولدى» دېگەن ئارزۇنى ئوتتۇرىغا قويدى.

لېكىن، ھازىرقى مەسىلە شۇكى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ياكى ھەر قايسى مىللەت رايونلارنىڭ ئاھالە، مائارىپ ۋە ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەھۋالى ئىنتايىن تەكشىسىز، بۇنىڭ ئىچىدە ساۋاتسىزلىق ۋە يېرىم ساۋاتسىزلىق مەسىلىسى كىشىنىڭ دىققىتىنى تولىمۇ قوزغايدۇ. غەربىي رايونغا جايلاشقان سىچۈەن، يۈننەن، گۈيجۇ، شىزاڭ، چىڭخەي، نىڭشيا قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردا بۇ مەسىلە تېخىمۇ گەۋدىلىك بولماقتا. يۇقىرىدىكى جايلاردا ئاز سانلىق مىللەتلەردىكى ساۋاتسىز ۋە يېرىم ساۋاتسىزلارنىڭ 15 ياشتىن يۇقىرى كىشىلەر ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 78.27 پىرسەنتنى (شىزاڭدا)، ئەڭ تۆۋەن بولغاندىمۇ 44.59 پىرسەنتنى (گۈيجۇدا) ئىگىلەيدۇ، ئادەمنى تېخىمۇ پەرىشان قىلىدىغىنى شۇكى، 12 — 14 ياشلىق بالىلارنىڭ ساۋاتسىزلىق نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 73.24 پىرسەنتكە (شىزاڭدا)، ئەڭ تۆۋەن بولغاندىمۇ 22.68 پىرسەنتكە (نىڭشيادا) يەتكەن. يۇقىرىقىلاردىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتىكى بۇ ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى كونا ساۋاتسىزلار تۈگىتىلمەي تۇرۇپ، يېڭى ساۋاتسىزلار قوشۇلۇپ كۆپەيمەكتە. غەربىي رايوندىكى بىر نەچچە ئاز سانلىق مىللەت ئىچىدە، ياش ئاياللار ۋە تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ ئايال ساۋاتسىزلار ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى كىشىنى تېخىمۇ چۆچۈتىدۇ، بۇ ھال پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى قىيىنچىلىقلارنى كۆپەيتىپلا قالماي، بەلكى ساغلام بالىلارنى تۇغۇش، بالىلارنى ئوبدان تەربىيىلەشكە، ئاياللارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە، ماددىي بايلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە ئېغىر تەسىر يەتكۈزمەكتە.

شۇڭا، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش — تۇغۇتقا چەك قويۇپ، ئاھالىنىڭ بەك تېز كۆپىيىپ كېتىشىنى تىزگىنلەش ۋە ئاھالىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئەڭ تۈپ ھەم ئەڭ ئۈنۈملۈك يولى، چۈنكى زامانىۋى تىپتىكى مىللىي گۈللىنىشنىڭ ئاساسىي كۆرسەتكۈچلىرى ئىچىدە، چوڭلارنىڭ ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتىمۇ مائارىپ توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۈچ تۈرلۈك كۆرسەتكۈچنىڭ بىرى قىلىنغان.

قىسقىسى، ئىجتىمائىي قاتلامنىڭ يېتىلىش دەرىجىسى بەك تۆۋەن، ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز، ساۋاتسىز ئاھالىسى كۆپ، ئاھالىسىنىڭ كۆپىيىشى بەك تېز، ياش قۇرۇلمىسى بەكرەك تۆۋەن بولغان، ئەمدى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە، رايونلارغا ۋە مىللەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويماي، ھازىرقى زامان مائارىپىنى كۈچەپ تەرەققىي قىلدۇرماي ۋە مىللىي ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈشنى تېزلەتمەي تۇرۇپ، زامانىۋى تىپتىكى مىللىي گۈللىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

(قۇربان ياسىن. ت)



# مىللىتىم ۋە گۈل

ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت

گۈل — گۈزەللىكنىڭ، مۇھەببەتنىڭ، دوستلۇقنىڭ، پاكلىقنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارغا شادلىق، بەختىيارلىق ۋە گۈزەل ھېس تۇيغۇ بەخش ئېتىدۇ. ئۇ مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈش، كۆڭۈل ئېچىش، ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلدۈرۈش ھەم سوۋغا - سالام قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ گۈل - گىياھلار رېئال تۇرمۇشتا كىشىلەرنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن گۈلنى ياخشى كۆرۈپ قەدىرلەپ كەلگەن مىللەت بولۇپ، ھويلا - ئاراملارغا گۈل تېرىش، دېرىزە تەكچىلىرىدە قىش - ياز ئېچىلىپ تۇرىدىغان ھەر خىل تەشتەك گۈللىرىنى ئۆستۈرۈش ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئېسىل ئادەتلىرىنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلار گۈلنى بەخت - سائادەت، گۈزەللىك، پاكلىق ۋە شادلىقنىڭ سىمۋولى دەپ بىلىدۇ. ھەر خىل گۈل - گىياھ نۇسخىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ نەققاشلىق، گىلەمچىلىك، كەشتىچىلىك، توقۇمىچىلىق، باسما، زەرگەرلىك، مىسكەرلىك قاتارلىق ھۈنەر سەنئىتىدە كەڭ ئومۇملاشتۇرۇلغانلىقى ھەمدە گۈللۈك دوپپا كىيىش، قىز - ئاياللار گۈللۈك رەختتىن كىيىم كىيىش، قىز - يىگىتلەر بىر - بىرىگە گۈل سوۋغا قىلىش، ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇشلىرىنىڭ تام، تورۇس، لەم، تۈۋرۈكلىرىگە خىلمۇ - خىل گۈللەرنىڭ نۇسخىلىرىدىن نەقىش ئىشلەپ تويلەرنى بېزەش قاتارلىقلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ بارا - بارا بېيىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئادىتىدۇر. شۇنداقلا ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ گۈل - گىياھتىن ئىبارەت بۇ گۈزەللىك سىمۋولىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتىپ ئۇنى ئۆز تۇرمۇشىدا ئەتىۋارلاپ كەلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلاردىن بىلىشىمىزچە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇندىن نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرى ياسالغان ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا گۈل - گىياھ نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي چى سۇلالىسى (مىلادى 550 - 577 - يىللار) دەۋرىگە ئائىت بولغان، بېشىغا گۈل نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن دوپپا (يەنى گۈللۈك دوپپا) كىيىپ ماھارەت كۆرسىتىۋاتقان ئۇيغۇر سەنئەتچىلىرىنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن مىس چۆگۈن، نىيە ناھىيىسىدىن تېپىلغان شەرقىي خەن سۇلالىسى

دەۋرىگە ئائىت بولغان چۈچەككە ئورالغان تېگى كۆك، ئۈستىگە ئاق گۈل بېسىلغان ھەمدە بىر تەرەپكە تۈششاق چاقماق گۈل چۈشۈرۈلگەن كۆك رەخت، شۇنداقلا ئاستانە قەدىمكى شەھىرىدىن تېپىلغان تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت يۇزىگە ئاچ قىزىل، سۇس ھاۋارەڭ، سېرىق، كۆك، جىگەررەڭ، ئاقتىن ئىبارەت ئالتە خىل رەڭلىك مەشۇت يىپتىن توقۇلغان گۈل ۋە قۇشلارنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن بۇلۇت باشلىق كىمخاپ ئاياغ قاتارلىق مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىزىنىڭ كۆركەم، يىل دەۋرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى (ئەلۋەتتە گۈل - گىياھ نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن يىل دەۋرى بۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن بولغان يادىكارلىقلارمۇ بولۇشى مۇمكىن) بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىم زامانلاردىن باشلاپلا گۈلنى ئۇرمۇشنىڭ ھەممىلا تەرەپلىرىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈش بىلەن بىرگە يەنە گۈللەرنى كۆركەم سىزىش ماھارىتىنىڭمۇ خېلى يۇقىرى سەۋىيىدە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ گۈل - گىياھ گۈزەل سەنئەتنى مۇھىم ئىستېتىك لەززەت ئوبيېكتى قىلغان ئەڭ قەدىمكى ھۈنەر - سەنئەتنى شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان دېھقانچىلىق باغۋەنچىلىك قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىشى نەتىجىسىدە قول ھۈنەرۋەنچىلىك، تەسۋىرى سەنئەت ئىشلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ ئېستېتىك ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تەبىئەت مەنزىرىلىرىگە قىياس قىلىپ بۇ خىل بەدىئىي ۋە يەرلىك ئۇسلۇبقا ئىگە مىللىي گۈزەل سەنئەتنى بەرپا قىلغانلىقىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا گۈللەر ئۇيغۇرلارنىڭ كىشى (قىز - ئاياللار) ئىسىملىرىدىمۇ كەڭ قوللىنىلغان. ئۇلار (قىز - ئاياللار) گۈلدىن ئىبارەت بۇ گۈزەللىك سىمۋولىنى گۈزەللىك، لاتاپەت تۈيغۇسى بەرمەكچى بولۇشقان. يەنى بەزى ئىسىملار تەبىئەت دۇنياسىدىكى خىلمۇ - خىل گۈللەرنىڭ ئىسمىنىڭ ئەينەن كۆچۈرۈلمىسى بولۇپ، بۇ خىل كىشى ئىسمى ئورنىدا ئىشلىتىلگەن گۈللەرنىڭ نامى گۈللەرنىڭ ئارىسىدىكى سەرخىلىنىڭ نامى بولغاچقا كىشىگە تېخىمۇ يېقىملىق ۋە ئىللىق بولغان ھېس تۇيغۇ بېرىدۇ. مەسىلەن: رەيھانگۈل، تاجىگۈل، تاشگۈل، ئانارگۈل قاتارلىقلار. يەنە بەزىدە بولسا «گۈل»دىن ئىبارەت بۇ گۈزەللىك سىمۋولىنى كىشى ئىسىملىرىنىڭ باش - ئاخىرىغا قوشۇپ ئىشلىتىش ئارقىلىقمۇ يۇقىرىقىدەك تۇيغۇ پەيدا قىلىنغان. مەسىلەن: گۈلقىز، ئايىمگۈل، گۈلنىسا، مېھرىگۈل قاتارلىقلار.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا گۈلنىڭ - گۈلخۇمار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ گۈزەللىك، پاكلىققا بولغان ھېس - تۇيغۇسىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا كەڭ ئومۇملاشقانلىقى بىر خىل ئىسىل خىسلەت ھەم ئادەت بولۇپلا قالماي بەلكى ئۇ يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەللىككە ئىنتىلىش ۋە ئۇنى يارىتىش جەريانىدىكى ئەقىل پاراسىتىنىڭ نامايانىدىسىدۇر.

---

(بېشى 31 - بەتتە)

مۇئاۋىن ۋالىي مەتتۇرسۇن شېرىپ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە سۆز قىلدى، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ئىدرىس بارات نىيە ۋە گۇما ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە لەۋھە، ئابدۇقادىر سۇلايمانغا تەقدىرنامە تەقدىم قىلدى.

قاغىلىق ناھىيىسىدە ئېچىلغان سۆھبەت يىغىنىغا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى خاۋچاڭشۇن، مۇئاۋىن شۇجىسى خۇدابەردى ئىسمايىل، ناھىيىنىڭ مۇۋەققەت ھاكىمى مەمتىمىن ئوسمان، مۇئاۋىن ھاكىملىرىدىن ئابدۇرىشىت توختى، ئاتاۋۇللاخان ۋە ئالاقىدار ئىدارىلارنىڭ باشلىقلىرى قاتناشتى.

ئىدرىس بارات ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە لەۋھە تەقدىم قىلدى.

بۇ ئىككى يىغىنغا قاتناشقان رەھبەرلەر «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ مەزمۇنىغا ۋە سۈپىتىگە يۇقىرى باھا بەردى.

## سۆزلەرگە يېڭى ئىزاھ

كىيىم - كېچەك — ئىنساننىڭ ئۆز تېنىدىكى نۇقسانلارنى يېپىشتىكى ئەڭ ئېسىل ۋاستىلەرنىڭ بىرى.

خۇشاللىق — ئامانەتكە قويۇلغان قايغۇ - ھەسرەتنىڭ ئۇسۇمى.

قوشنا — سىزنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىڭىزنى يېپ-ىتىن - يىڭنىسىغىچە بىلىدىغان ئادەم.

قانائەت — توكۇرنىڭ پالەچنى كۆرگەن ۋاقتىدىكى ھالىتى.

دوست — سائىگا ئوخشاش كەمچىلىكى بار ئادەم.

ئوبزورچى — ئۆزى چۆشەنمەيدىغان ئەسەرلەرنى ئۆزىمۇ ئاڭقىرالمايدىغان ئۇقتىنەزەرلەر بىلەن باشقىلارغا چۈشەندۈرۈپ بەرگۈچى.

ئىشەنچ — ئۆزىمىزگە پايدىلىق نەزەرىيىگە ئۇتقان پوزىتسىيىمىز.

ئەر — تامىقىنى يەپ بولۇپ، قاچىسىنى ئۆز جايىدىن مىدىرلاتماي قويۇپ كېتىدىغان ئادەم.

ئەركىنلىك — ئىنسان تەسەۋۋۇرىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە.

سۈيۈشۈش — ئېچىقاپ كەتكەن ئىككى ئادەمنىڭ شۇلگەي ئالماشتۇرۇشى، بۇنداق سودىنى كۆندۈزى قىلىش قولايسىز.

ئەدەب - قائىدە — كىشىلەر ئەڭ ئاسان قوبۇل قىلىدىغان بىر خىل ساختىلىق.

ئىشخانا — پاراڭ سېلىش، چاي ئىچىش ۋە گېزىت - ژۇرنال كۆرۈشكە يارىتىلغان ئەڭ ياخشى جاي.

دوختۇرخانا — گۆركارغا خەبەر ئۇيۇشتۇرىدىغان ئورۇن.

ئوردا — قانۇنلۇق جىنايەت ئۆتكۈزگىلى بولىدىغان ھەم ئۇنى باشقىلار بىلەلمەيدىغان جاي.

ئەر - خوتۇن — بىر - بىرىنى زادى كۆرگۈسى بولمىسىمۇ، لېكىن كۈندە كۆرۈشۈشكە مەجبۇرى بولىدىغان كىشىلەر.

ئەسەر ئوغرىلاش — بۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى بىر خىل ئاسادىيسى توغرا كېلىپ قىلىش. ئۇ نومۇس بىلەن باشلىنىپ، شەرەپ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

ھەسەت — ئەڭ ئىقتىدارسىز رىقابەت.

ئالدىراش — بىر ۋاقىتتا بىر نەچچە ئىشقا ئۇتۇش قىلىپ، ھېچبىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغان ھالەت.

كەمبەغەل — سوغۇق سۇنى مىنېرال سۇ قاتارىدا سېتىشنى بىلمەيدىغان دۆت ئادەملەر.

باي — نامراتلىقدىن پۇللا قالغان ئادەم.

شەھەر — گۈزەل تەبىئەتنىڭ قوغلاندىسى بولغان ئادەملەرنىڭ توپلىشىپ ئولتۇرىدىغان جايى.

گۆر — ھاراقكەشنى ھاراق تاشلىتىدىغان، بەڭگىنى تاماكا تاشلىتىدىغان، قىمارۋازنى قىماردىن قول ئۈزدۈرىدىغان، زىناخورنى ئاياللاردىن كۆز ئۈزدۈرىدىغان، پارىخورنىڭ نەپسىنى بېسىقتۇرىدىغان بىردىنبىر جاي.

پۇل — جاھاندىكى بارلىق ئەرلەر ۋە بارلىق ئاياللارنىڭ ئورتاق مۇھەببىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئانچە پاك ھېسابلانمايدىغان نەرسە.

كېلىن — گۈزەل ئىستىقبالنى تاشلاپ قويغان ئايال كىشى.

دۆمبە — بۇ دوستىڭىزنىڭ بەدىنىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇ مەخسۇس بېشىڭىزغا كۈن چۈشكەندە قارىشىڭىزغا يارالغان.

مەسلىھەتلىشىش — ئەمەلىيەتتە ئۆزى ئاللىبۇرۇن قارار قىلىپ بولغان نەرسىگە باشقىلارنىڭ قوشۇلۇشىنى سوراش.

ئىسىم كارتوچكىسى — دۇنيادا راست - يالغانلىقىنى ئايرىش ئەڭ تەس بولغان ئۆزىنى تونۇشتۇرۇش ئىسپاتى.

# بەرباب ماھىرى — ساۋ مىياۋدا

ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

ۋېي، جىن دەۋرلىرى، خۇسۇسەن جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر (مىلادى 386 — 581 - يىللار) دەۋرلىرى جۇڭگو تارىخىدا غايەت زور داۋالغۇش دەۋرى بولدى. بۇ چاغدا خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ھونلار، تۈركىي قەۋملەر ۋە غەربىي شىمالدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق خەلقلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغا كۆپلەپ كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، يەرلىك خەلقلەر بىللە تۇرلۇك يەرلىك قىبىلىدارلىق ھاكىمىيەتلەرنى پەيدا قىلدى. بۇ ھال مىللەتلەر ئارا كۆچۈش، ئارىلىشىپ ياشاش — مەدەنىيەتتىكى جۇملىدىن ناخشا - ئۇسسۇل ۋە مۇزىكا جەھەتتىكى ئۆز - ئارا تەسىر قىلىشنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. بولۇپمۇ خەلقئارا يىپەك يولىنىڭ راۋانلىشىشى ۋە قاتناش - سودا ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ كۇچا، قەشقەر، تۇرپان، خوتەن ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى توققۇز جاۋۇپ ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى ئىلگىرى - كېيىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە كېلىپ ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسەتتى ھەمدە چاڭئەن، لويالڭ قاتارلىق ئاۋات شەھەرلەردە ئولتۇراقلىشىپ، ئۇزۇن مۇددەت ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا ۋە بۇددا ئىلىم - مەرىپەتچىلىكى بىلەن مەشغۇل بولۇش جەريانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ خىل، رەڭگا - رەڭ، مول مەزمۇنلۇق سەنئىتىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە كەڭ تارقىتىپ، جۇڭگو سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا غايەت زور تارىخىي تۆھپىلەرنى قوشتى. ئەنە شۇلارنىڭ ئارىسىدا توققۇز جاۋۇپ ئۇيغۇرلىرىدىن بولغان مەشھۇر بەرباب ماھىرى ساۋمىياۋدا ئۆز دەۋرىدىكى سەنئەت ساھەسىدە تونۇلغان داڭلىق ئەرباب بولۇپ، ئۇ جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ سانىلىدۇ.

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 92- جىلد، «يېڭى تاڭنامە. لىگالڭ تەزكىرىسى»، «كونا تاڭنامە» 29 - جىلد، «سۇينامە» 15 - جىلد «مۇزىكا تەزكىرىسى» قاتارلىق تارىخىي خاتىرىلەرگە بەرباب ماھىرى ساۋمىياۋدانىڭ سەنئەت ساھەسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەققىدە قىممەتلىك بايانلار پۈتۈلگەن ھەمدە ئۇنىڭغا ناھايىتى يۇقىرى باھالار بېرىلگەن.

ساۋمىياۋدا ( 曹妙达 ) نىڭ ئەسلى يۇرتى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى توققۇز جاۋۇپ ( 昭武九姓 ) ئۇيغۇر خانلىقلىرىدىن بىرى بولغان ئۇرتۇپە ( 曹国 ) خانلىقىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ بوۋىسى كېيىنكى ۋېي (مىلادى 386 — 534 - يىللار) دەۋرىدە ئۇرۇ - تۇپىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ھەمدە شۇ زاماندىكى «يۇرتنىڭ نامىنى ئۆزىگە فامىلە قىلىپ يېزىش ئادىتى» بويىچە خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەرگە ساۋ فامىلىلىكلەر



( 曹姓 ) دەپ يېزىلىپ كەلگەن بۇ بىر جەمەت ئۇرتۇپىلىك ئۇيغۇرلار شىمالىي ۋېي خانلىقىدىن تارتىپ تاكى تاڭ سۇلالىسى (618 — 907) نىڭ ئاخىرىغىچە بولغان بەش ئەسىرچە ۋاقىت ئىچىدە شۇ زامانىنىڭ ئەڭ كاتتا چالغۇ ئەسۋابى بەرباب بىلەن يۇقىرى شۆھرەت قازىنىپ، جۇڭگو مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى روشەن تارىخىي پاكىت.

مەسىلەن: «كونا تاڭنامە»نىڭ 29 - جىلدىدا: «كېيىنكى ۋېي دەۋرىدە ئۆتكەن ساۋ پولومىن ( 曹婆罗门 ) كۇچا بەربابىنىڭ ماھىرى بولۇپ، ئۇ كۇچالىق بىر تورکۇم بەرباب ماھىرلىرى ۋە سودىگەرلىرى بىلەن كەلگەن» دېيىلگەن ھەمدە ئۇنىڭ ساۋزىگتۇ ئاتلىق بەربابچى ئوغلىنىڭ بارلىقى ئەسكەرتىلگەن بولسا، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» نىڭ 92 - جىلدى بىلەن شۇ كىتابنىڭ «ئىبن شىن تەزكىرىسى» دە ساۋزىگتۇنىڭ داڭدار بەرباب ماھىرى ئىكەنلىكى (ئەسلى ئىسمىنىڭ 僧伽达沙 ئىكەنلىكى)، شۇڭا ئۇنىڭغا «چارپەنسات دىۋان بېگى» ( 开俯仪同封王 ) دېگەن ئالىي مەنسەپ ئىنئام قىلىنغانلىقى، ئۇنىڭ ساۋمياۋدا ئاتلىق بەربابچى ئوغلىنىڭ بارلىقى ھەققىدە سۆزلەنگەن. قىسقىسى ساۋمياۋدانىڭ بوۋىسى ساۋ پولومىن، دادىسى ساۋزىگتۇ بولۇپ، بۇ ئۈچ ئەۋلاد ساۋلار ئۆز دەۋرىنىڭ داڭدار مۇزىكا ئۇستازى ۋە ۋاڭلىق ئىنئام قىلىنغان مەشھۇر ئەربابى ئىدى.

«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ساۋمياۋدا كۇچا (كۇسەن دەپمۇ ئاتالغان) بەربابىنىڭ ماھىرى بولۇپ، ئۇ دەسلەپتە شىمالىي چى (ملادى 550 — 577 - يىللار) خانى ۋېيگىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان، شۇنىڭ بىلەن خان يارلىقىغا ئاساسەن ئوردىغا كىلىپ مۇزىكا ئۇستازى بولغان ھەمدە ئالاھىدە تەمىنات ۋە ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولغاندىن باشقا، خانىنىڭ ۋاڭلىق ئىنئام قىلىش ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن. «كونا تاڭنامە» نىڭ 29 - جىلدىدىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ساۋمياۋدا شىمالىي چى خانى گاۋياڭنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ، قەدىرلەپ ئىشلىتىلگەن ھەمدە خانىنىڭ ئۇيغۇر دۇمبىقى چېلىشىغا بەرباب بىلەن تەڭكەش قىلىپ، خان بىلەن بىللە نەغمە - ناۋا قىلىشقان. ملادى 550 - يىلى (ۋېن شۇەندى تيەنباۋنىڭ ئونىنچى يىلى) شۇەن ۋېندى خان ئۇنىڭغا ۋاڭلىق ئىنئام قىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ خان ھوزۇرىدىكى ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا نەغمە - ناۋا قىلىپ بېرىدىغان مۇزىكانتلارغا ئۇستاز بولۇپ، فېئودال خان- پادىشاھلارنىڭ ئەيش - ئىشرەتلىك كۆڭۈل ئېچىشىغا ھەمنەپەس بولغان.

«كونا تاڭنامە. لى گاڭ تەزكىرىسى» بىلەن «سۆزنامە» 15 - جىلد «مۇزىكا تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، شىمالىي چى خانى گاۋۋېي ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىگە كۈچلۈك ھەۋەس باغلىغان مۇزىكىخۇمار ئادەم بولۇپ، ئۇ دەسلەپتە ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى ئۆگەنگەن، كېيىن ساۋمياۋدانى ئۇستاز تۇتۇپ ئۇيغۇرچە مۇزىكا ئۆگەنگەن ھەمدە مۇستەقىل ئۆز ئالدىغا ئاددىي مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلالايدىغان سەۋىيىگە يەتكەن. 570 - يىللىرى ئۇ كۇچا مۇزىكىسىنى ئاساس، غەربىي رايوندىكى باشقا يۇرت مۇزىكىسىنى قوشۇمچە قىلغان ھالدا ئوردا مۇزىكا ئوركېستىرىنى تەشكىل قىلغان. بۇ چاغدا بەرباب ئۇستازى ساۋمياۋدا ئۆز ئىقتىدارىنى تېخىمۇ بەك جارى قىلدۇرۇپ، كۆپلىگەن يېڭى مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلىپ، پۈتكۈل شىمالىي چى سۇلالىسىگە تونۇلغان ئىكەن. شۇ چاغلاردا ئۇ شىمالىي چى خانى گاۋۋېينىڭ ئەڭ يېقىن دوستى، مۇزىكا ئۇستازى بولۇپ، شىمالىي چى ئوردىسىنىڭ مۇزىكا ئىسلاھاتچىسى سۈپىتىدە بىر قىسىم مۇزىكىلارنى ئىسلاھ قىلىپ ۋە يېڭىدىن ئىجاد قىلىپ، مۇزىكانتلارنى تەرتىپكە سالغان. بۇنىڭدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولغان گاۋۋېي خان ساۋمياۋدانى 2000 سەر

ئاق كۆمۈش بىلەن تارتۇقلاپ، ئۇنىڭغا يەنە ۋاڭلىق ئىنئام قىلغان. گاۋۋېي ساۋمياۋدانىڭ زور ياردىمى بىلەن كۆپلىگەن ئۇيغۇرچە مۇزىكىلارنى ئۆگەنگەن ھەمدە «غەمسىز نەغمىسى» ( 无愁曲 ) ناملىق يېڭى نەغمىنى ئىجاد قىلغان ئىكەن. كېيىن ساۋمياۋدانىڭ كۆرسەتمىسى ۋە ياردىمى بىلەن ئۇ بۇ نەغمىنى ئۆزگەرتىپ ئىشلەپ، يۈز نەچچە كىشى ئورۇندايدىغان چوڭ تىپتىكى مۇزىكا - ئۇسسۇللۇق نەغمىگە ئايلاندۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ نەغمە پادىشاھ — ۋەزىر - ۋۇزىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە ساۋمياۋدا رىيژىسسورلۇقىدا مەخسۇس ئوردىدا ھەم ئالاھىدە بېزەلگەن مەخسۇس سەھنىدە ئورۇندىلىدىغان چوڭ تىپتىكى ھەيۋەتلىك نەغمىگە ئۆزگەرتىلگەن بولغاچقا، كىشىلەر تەرىپىدىن پادىشاھ گاۋۋېيغا «غەمسىز شاھزادە» ( 无愁天子 ) دېگەن ئىلمىي - سىپايە نام قويۇلغان ئىكەن.

«سۈينامە» 15- جىلد «مۇزىكا تەزكىرىسى» - دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ساۋمياۋدا يەنە شىمالىي جى سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى خانى گاۋخېڭ بىلەن نۇ نەغمە - ناۋا قىلىشىدىغان قەدىناسلاردىن بولۇپ، ئۇنىڭغىمۇ ئۇيغۇرچە مۇزىكا - ئۇسسۇللارنى ئۆگەتكەن ھەمدە يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئەربابلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنغان. مىلادى 577 - يىلى شىمالىي چىنىڭ لۇڭخۇا ئۈنجى يىلى شىمالىي چى سۇلالىسى شىمالىي جۇ(مىلادى 557 — 581 - يىللار) تەرىپىدىن يوقىتىلدى. مىلادى 579 - يىلى ساۋمياۋدا شىمالىي جۇ خانلىقىنىڭ ئوردا مۇزىكانتى بولدى. جىڭدى دادىڭنىڭ ئۈنجى يىلى 2 - ئايدا (مىلادى 581 - يىلى)، شىمالىي جۇنى مۇنقەرز قىلغان سۈي ۋېندى-ياڭ جيەن (541 — 604)سۈي سۇلالىسىنى قۇرۇپ، يىلنامىسىنى كەيخۇاڭ دەپ ئۆزگەرتتى. شۇ چاغدا ساۋمياۋدا يەنە سۈي سۇلالىسىنىڭ ئوردا مۇزىكانتى بولۇپ قالدى ھەمدە ئۆتكەن ئىككى سۇلالىدىكىلا مەشھۇر مۇزىكانت سانىلىپ، كۇچا بەربابى بىلەن داۋاملىق داڭ چىقىرىۋەردى.

«سۈينامە» 15 - جىلد «مۇزىكا تەزكىرىسى» دە كەيخۇاڭ يىللىرىدا ساۋمياۋدا .... قاتارلىقلار داڭدار بەرباب ماھىرلىرى ئىدى، ئۇلار ئاجايىپ - غارايىپ يېڭى نەغمىلەرنى بىلەتتى، ئوردا ئۇلارنى تارتۇقلاپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ شوخ ۋە مۇڭلۇق مۇزىكىلىرىغا مەپتۇن بولغۇچى ۋاڭ - گۇڭلار بىلەن ئۇنى چەكلەشنى تەشەببۇس قىلغۇچى ۋاڭ - گۇڭلار ئوتتۇرىسىدا بەس - مۇنازىرە ۋە كەسكىن زىددىيەتلەر بولغان ئىدى ....» دېيىلگەن. سۈي سۇلالىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردا ئوردىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەمەلدارلار ساۋمياداغا مايىل ھەم ئۇنىڭ بەرباب بىلەن ئورۇندىغان مۇزىكىلىرىغا قايىل بولۇپ، ئۇنى تەشۋىق قىلىپ ئومۇملاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، ئەمما نيۇخۇاڭ قاتارلىق كونىلىقنى ياقلىغۇچى جاھىللار گورۇھى ئۇيغۇر مۇزىكا - ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، ئەۋج ئېلىشىغا قاتتىق قارشىلىق قىلغان ئىدى. بىراق كەيخۇاڭ 2 - يىلى (582 - يىلى) ئوردىدا ئېچىلغان مۇزىكا سۆھبەت يىغىنىدا، پادىشاھ سۈي گاۋزۇنىڭ قوللىشى بىلەن ساۋمياۋدا ۋە كۇچالىق سۇجۇپ، ماندا ئاقارى، بەي قۇجيەن، بەي جىتۇڭ ھەم ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ خەزىنۇ ماھىرلىرىدىن جىڭ يى، ۋەنباۋچاڭ قاتارلىقلار نيۇخۇاڭ قاتارلىق كونىلىقنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، مۇزىكا ئىسلاھاتىدىكى بارلىق توسقۇنلۇقلارنى يەڭگەن. ساۋمياۋدا يەنىلا پادىشاھ سۈي گاۋزۇ تەرىپىدىن قەدىرلەپ ئىشلىتىپ، ئوردا مۇزىكانتلىرىنىڭ داۋاملىق ئۇستازى (باش بەرباب ئوقۇتقۇچىسى) بولۇۋەرگەن.

«سۈينامە» 15 - جىلد «مۇزىكا تەزكىرىسى» دە كۆرسىتىلىشىچە، سۈي سۇلالىسىنىڭ ياڭدى پادىشاھى ياڭگۇاڭ تەختكە چىقىپ 7 - يىلى ئىلگىرىكى ساۋاقدىشى جىڭ يىنى ئۆز تەشەببۇسى بويىچە مۇزىكا ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشقا بۇيرۇغان. ئۇ ساۋمياۋدانىڭ شاگىرتى ۋەنباۋچاڭ ۋە

تۇرپانلىق ئۇيغۇر مۇزىكشۇناس خې تو قاتارلىقلار بىلەن بىللە سۈي سۇلالىسى مۇزىكىلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، مۇزىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇنىڭدا ساۋمىيادانىڭ رولى زور بولغان. نەتىجىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئەسلىدىن بار بولغان ئەنئەنىۋى چىڭشياڭ (جەنۇبىي سۇلالىلەر) مۇزىكىلىرى ئەمەلدىن قېلىپ، ئۇيغۇر مۇزىكىلىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن. خۇددى ماۋزېدۇڭ ئۆزىنىڭ «مۇزىكا خادىملىرى بىلەن قىلىنغان سۆھبەت» دېگەن ئەسىرىدە: «سۈي سۇلالىسى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ توققۇز قىسىملىق، ئون قىسىملىق مۇزىكىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى غەربىي يۇرت مۇزىكىلىرى ئىدى» دەپ كۆرسەتكىنىدەك، كەيخۇاڭ (581 — 600) يىللىرىنىڭ باشلىرىدا ساۋمياۋدا بىلەن جىلڭ يى قاتارلىقلار تۈرغۈزغان يەتتە قىسىملىق مۇزىكىنىڭ كۆپ قىسمى كۇچا، تۇرپان، قەشقەر، خوتەن ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى توققۇز جاۋۇپ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇزىكىلىرى بولۇپ، بۇلاردا كۇچا مۇزىكىلىرى ئاساس قىلىنغان. «سۈينامە» 15 - جىلد «مۇزىكا تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ساۋمياۋدا ئوردا مۇزىكانتلىرىنىڭ باش ئوقۇتقۇچىسى ( 宫廷太乐总教习 ) بولۇپ تۇرغاندا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئۇيغۇر مۇزىكىلىرى ناھايىتى ئەۋج ئالغان ھەمدە پادىشاھ، ۋەزىر - تۆرىلەردىن تارتىپ تاكى پايتەخت جامائەتچىلىكىگىچە ئۇيغۇر ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكىسىغا زور ئىشتىياق باغلىغان ئىدى.

مىلادى 589 - يىلى مەشھۇر مۇزىكشۇناس، سەنئەت ماھارەتچىسى، سۈي سۇلالىسى مۇزىكا سەنئىتىنىڭ پېشۋاسى ساۋمياۋدا ۋاپات بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ سىڭلىسى — مەشھۇر بەرباب ماھىرى ساۋشياۋىي ( 曹昭仪 ) يېتىشىپ چىقىپ ئاكىسىنىڭ ئىزىنى باستى. ئارقىدىنلا ساۋمياۋدانىڭ ئىككى ئاچىسى ۋە بىر ئىنىسىمۇ كۇچا بەربابى بىلەن شۆھرەت قازىنىپ، پايتەخت جامائەتچىلىكىگە تونۇلدى. تاڭ سۇلالىسى جېنيۈەن يىللىرىدا (مىلادى 785 — 805 - يىللار) ساۋمياۋدانىڭ نەۋرە ئىنىلىرىدىن ساۋباۋ ( 曹保 )، ساۋ شەنسەي ( 曹善才 )، ساۋگاڭ ( 曹刚 ) قاتارلىقلار تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىدا ماھارەت كۆرسىتىپ پايتەخت جامائەتچىلىكىگە تونۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكىسىغا بولغان قىزىقىش راسا ئەۋجىگە چىقتى ھەمدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، خۇسۇسەن پايتەخت جامائەتچىلىكى ئىچىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش، ئۇيغۇرچە كىيىنىش - ياسىنىش بىر ئىجتىمائىي - مەدەنىي ھاۋاغا ئايلىنىپ، بەس - بەس بىلەن ئۇيغۇرلاردىن ئۆگىنىشكە باشلىدى.

مەسىلەن، ساۋمياۋدانىڭ نەۋرە ئىنىلىرى — ساۋباۋ، ساۋشەنسەي، ساۋگاڭ قاتارلىق ئۇيغۇر پېشۋالار بىلەن يېقىن دوست، ھەمسۆھبەتداش ئۆتكەن داڭلىق شائىر يۈەن جىن شۇ چاغدىكى ئەمەلىي ئەھۋالنى ئەسلەپ يازغان «فاچۈي» ( 法曲 نەمۇنىلىك نەغمىلەر) دېگەن شېئىرىدا:

«بولدى ئۇيغۇرچە ياسانماق قىز - ئاياللار مەشغۇلى،
زور ماھارەت بولدى چالماق سازنى ئۇيغۇرلارسىمان.
سۇمرۇغ «ئاتەش» نىڭ ساداسى مۇڭ بىلەن تولسا ئەگەر،
نەۋ باھار بۇلبۇل كۈيى، ياڭرايتتى بىر سالقىن ھامان.
ئاتقا ئۇيغۇرچە مىنىش، زىبۇزىننەت، تىل ئۆگىنىش،
بولدى بەس - بەسلىك ھەۋەس بۇ ئەللىك يىلدىن بۇيان.»

دەپ يازسا، ساۋمياۋدانىڭ نەۋرە ئىنىلىرى ساۋشەنسەي، ساۋ باۋ، ساۋگاڭلارنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان بەرباب مۇزىكىسىغا چوڭقۇر مېھرى - مۇھەببەت باغلىغان شائىر يۈەن جىن يەنە «پىپا» (بەرباب) ناملىق شېئىرىدا:

«تىل بىلەر سازەندە ئۇيغۇر قاشتېشى چالغۇ چېكىپ،
ئۇرىدۇ ئۇيغۇر ئۇسسۇلى بىزنى شۇنچە جەلپ قىلىپ.

ھەزرىتىم ئىش جىقلىقىدىن ئۆزلىرىگە داقلىماي، تىڭشىماق ئەۋزەل بۇ سازنى ئۆيىقۇلۇق تۈندىن كېچىپ» دەپ يازغان ئىدى.

دېمەك، خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەرگە ساۋ (曹) فامىلىلىكلەر دەپ پۈتۈلگەن ئوتتۇرا ئاسىيالىق (يەنى ئۆرتۆپە خانلىقىدىن كەلگەن) توققۇز جاۋۇپ ئۇيغۇرلىرىدىن شىمالىي ۋېي (مىلادى 386 — 534 - يىللار) دەۋرىدىكى ساۋ پولومىندىن تارتىپ تاكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىغىچە چاڭئەندە بەرباب پېشىۋاسى ئاتالغان ساۋتەيزى (曹太子) گىچە بولغان 500 يىلغىچە ئۇلۇغ بوۋا، بوۋا، ئاتا - بالا، نەۋرە - چەۋرە بولۇپ 15 تىن ئارتۇق بىر ئەۋلاد بەربابچى ساۋلار ئارقا - ئارقىدىن يېتىشىپ چىقىپ ئىبلىمىز مۇزىكا مەدەنىيىتى ئۈچۈن غايەت زور تارىخىي تۆھپىلىرىنى قوشقان، بۇلارنىڭ ئىچىدە ساۋمياۋدا شىمالىي چى، شىمالىي جۇ ۋە سۈي سۇلالىسىدىن ئىبارەت ئۈچ سۇلالىنى بېشىدىن كۆچۈرگەن ھەمدە ھەرقايسى سۇلالىلەرنىڭ خان - پادىشاھلىرىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ، ناھايىتى يۇقىرى شۆھرەت قازانغان. گەرچە بۇ ئۈچ سۇلالىنىڭ نامى ئالماشقان بولسىمۇ، ئەمما ساۋمياۋدا داۋاملىق ئوردا مۇزىكىسى ئوقۇتقۇچىسى بولۇۋەرگەن. شۇ جەرياندا ئۇ جۇڭگو مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن غايەت زور تارىخىي ئەھمىيەتلىك تۆھپىسىنى قوشۇپلا قالماستىن، بەلكى ناھايىتى كۆپلىگەن داڭلىق بىر تۈركۈم مۇزىكانت - كومپوزىتورلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ بەرگەن. مەسىلەن، سۈي سۇلالىسى ئوردىسىدا شۆھرەت قازانغان قول مۇزىكانت ۋەن باۋچاڭ (万宝常) قاتارلىق غوللۇق بىر تۈركۈم ماھىرلار ساۋمياۋدانىڭ ئوقۇتۇپ تەربىيىلىگەن شاگىرتلىرى ئىدى. قىسقىسى، ئۇ قەدىمكى زاماندىكى كۆپ مىللەتلىك جۇڭگو تارىخىدا مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشى، دوستلۇق - ئىتتىپاقلىقى ھەم ئۆزئارا مەدەنىيەت - سەنئەت ئالماشتۇرۇشىدا بىۋاسىتە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان ئىدى.

## 1993 - يىل روزا ھېيتلىق خۇش خەۋەر

ئۇيغۇرچە كىتابلارنى كۆپلەپ نەشر قىلىش، مىللىي نەشرىياتچىلىقنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن بۇ يىل روزا ھېيتنىڭ ئالدىدا، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۇنجى مۇسۇلمان يازغۇچى، مىسىرلىق مەشھۇر ئەدىب نەجىب مەھفۇزنىڭ «قەسىر كوچىسى»، «ھىجران كوچىسى»، «شەربەت كوچىسى» ناملىق ئۈچ قىسىملىق تارىخىي رومانى 1993 - يىللىق روزا ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن مۇكاپاتلىق كىتاب قىلىپ سېتىلىدۇ.

بۇ روماندا جەمئىيەتتىكى ئادالەتپەرۋەرلىك، مۇسۇلمانلارنىڭ گۈزەل ئەدەب - ئەخلاقى، ساپ ۋىجدان، پاك مۇھەببەت داھىيانە نەزەر بىلەن مەدھىيىلىنىدۇ.

بۇ كىتاب 1993 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ھەر قايسى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىشقا باشلايدۇ. بۇ كىتابتىن بىر يۈرۈش سېتىۋالغۇچى مۇكاپات چېكى قاچىلانغان ساندۇقچىدىن بىر دانە چەك ئالىدۇ. 1993 - يىل 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى (روزا ھېيتنىڭ 3 - كۈنى) چەك ئېچىلىپ، مۇكاپاتلىنىدىغان چەك نومۇرى تېلېۋىزور ۋە گېزىتلەردە پۈتۈن شىنجاڭغا بىرلا ۋاقىتتا ئېلان قىلىنىدۇ.

بۇ كىتابتىن 40 مىڭ نۇسخا بېسىلىدۇ. بۇ 40 مىڭ نۇسخا كىتابتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 40، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 400، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن 4000 تەسىس قىلىندى.

كۆپ ئادەم مۇكاپات ئالالايدىغان، مۇكاپاتى زور بولغان بۇ كىتابنى سېتىۋېلىشقا ئالدىراڭ.

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى



# ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب

رىيائاللىقتا ياشاۋاتقان ھەربىر ئىنساننىڭ ئۆزىگە چۈشلۇق دەردى ۋە دۇچ كەلگەن قىيىن مەسىللىرى بولىدۇ. بۇ دەرد، بۇ مەسىلىلەر ۋاقتىدا ھەل قىلىنغىنى ياخشى، بولمىسا بىزگە بېسىم بولۇپ، روھىي جەھەتتىن ئازابلىنىمىز، روھىي ئازاب سالامەتلىككە زىيانلىق. بىز كەڭ كىتابخان دوستلارغا سەمىمىي دوستلۇقىمىزنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن «دەردىڭگە دەرمان بولاي» دېگەن بۇ سەھىپىنى ئاچتۇق. كىتابخانلارنىڭ قانداق سوئاللىرى بولسا جاۋاب بېرىشكە تەييارمىز. سوئال ئەۋەتكەندە ئادرېسىڭىز، ئىسمىڭىز ئېنىق يېزىلسۇن. ئۆز ئىسمىڭىز بىلەن ئېلان قىلىشنى خالىمىسىڭىز ئەسكەرتىپ قويارسىز.

بۇ سەھىپىنىڭ رىياسەتچى تەھرىرى ئادىل

سوئال: مەن مۇھەببىتىم يوق ۋاقىتلاردا ئۇنى سېغىنىمەن، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان چاغلىرىمدا زېرىكىشلىك ھېس قىلىمەن. قانداق قىلسام بولار؟

— ئۈرۈمچىدىن شىر

جاۋاب: مۇھەببىتىڭىزنى سېغىنغىنىڭىزدا بىرگە بولۇڭ، زېرىككىنىڭىزدە يىراق تۇرۇڭ.

سوئال: ھۆرمەتلىك تەھرىر، ھەرقېتىم مۇئەللىم ئىمتىھان نەتىجىسىنى ئېلان قىلىدىغان ۋاقىتتا تېنىمگە تىترەك ئولىشىۋالىدۇ. قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى چىقىرىپ، شارت - شۇرت بىر پارچە جاۋاب خەت يېزىپ، بۇ كېسىلىمنى داۋالىۋەتسىڭىز قانداق؟

— غۇلجىدىن بىر ئوقۇغۇچى

جاۋاب: سىزنىڭ كېسىلىڭىز شارت - شۇرت يېزىلغان بىر پارچە خەت بىلەن ساقايمايدىغاندەك قىلىدۇ. بىراق سىز ھەر قېتىملىق ئىمتىھاندا 100 نومۇر ئالسىڭىز، مۇئەللىم ئىمتىھان نەتىجىسى ئېلان قىلغان چاغدا چوقۇم تىترىمەيسىز.

سوئال: ھازىر دۇنيادا ئۇرۇش ئەۋج ئېلىپ كەتتى. مەن ئەرلەرنىڭ دۆلەت باشقۇرالىشىدىن گۇمان قىلىۋاتىمەن، مېنىڭچە ھاكىمىيەتنى ئاياللارغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ياخشىراقمۇ دەيمەن؟

— ئۈرۈمچىدىن بىر قىز

جاۋاب: مەن سىزنىڭ پىكرىڭىزگە قوشۇلىمەن، ئاياللار ھاكىمىيەت سورىسا جاھان بىخەتەر بولىدۇ، ئۇرۇش بولىدى دېگەندىمۇ چاچلىشىپ، مورلىشىپ ئاخىرلىشىدۇ، خالاس. لېكىن شۇ ھاكىمىيەتنى پەتنۇسقا سېلىپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان كىم بار دەيسىز.

سوئال: ئىدارىدە باشلىق بىلەن قانداق مۇناسىۋەت قىلغان ياخشى؟

— يەكەن ناھىيىسىدىن قۇددۇس

جاۋاب: باشلىقىڭىز سىزنى ياخشى كۆرسە ئۇنىڭغا يېقىن تۇرۇڭ، ئەگەر ئۇ سىزنى ياخشى كۆرمىسە ئۇنىڭدىن يىراقراق تۇرغىنىڭىز ياخشى.

سوئال: مەن كەمپىتكە بەك ئامراق، بىراق كەمپۈت يېيىسەملا چىشىم ئاغرىپ كېتىدۇ. قانداق قىلسام بولار؟

— كورلىدىن ئەركىنجان

جاۋاب: كەمپۈتنى شورىماي يۇتۇۋەتسىڭىز بولىدۇ.

سوئال: مېنىڭ دادام ناھايىتى بېخىل ئادەم، ھەر قېتىم ئۇنىڭدىن كىتاب ئالغىلى پۇل سورىسام، ئۇ دائىم ئاكاڭنىڭ كىتابىنى ئىشلەتسەڭ بولىدۇ دەيدۇ. مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟

— خوتەندىن مەتنىياز

جاۋاب: سىز دادىڭىزدىن سوراپ بېقىڭ، دادىڭىزنىڭ كەيگىنى بوۋىڭىزنىڭ كىيىملىرىمىكەن.



# پارسلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى

مۇراددىل

ئىران قەدىمدىن تارتىپ قائىدە-يوسۇنلۇق ئەل دېگەن شۆھرەتكە ئىگە. پارسلارنىڭ سالاملىشىش ئۇسۇلى ۋە ئەدەب سۆزلىرى مۇنداق بولىدۇ: كىشىلەر بىر-بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا «ئەسسالام» دەپ ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. ھەتتا قىلچە تونۇشمايدىغان كىشىلەرمۇ شۇنداق قىلىدۇ. رەسمىي سورۇنلاردا كىشىلەر بىر-بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، كىچىكلەر چوڭ دېمەتلىكلەرگە ئاۋۋال سالام قىلىدۇ، قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، ئېگىلىپ تازىم قىلىدۇ. كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق بولغان دوست-بۇرادەرلەر ئۇچراشقاندا، «سايىڭىزنى كۆرگىلى بولمايدىغۇ» ياكى «سايىڭىز يوقاپ كەتتىغۇ» دېيىشىدۇ ۋە قول ئېلىشىپ ياكى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىدۇ. يېقىن دوستلار خوشلاشقاندا، ئۆزئارا سۆيۈشۈپ، قېرىنداشلارچە مۇھەببىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىراندا، ئەرلەر ئاياللار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەيدۇ.

بىرەرسى سۆزلىمەكچى بولسا، رەسمىي سۆزدىن ئىلگىرى، ھامان «ئۆۋەندە مەن ئۆزەكى قاراشلىرىمنى سۆزلەپ باقاي» ياكى «قۇللىرىنىڭ قارىشىچە» دەپ گەپ باشلايدۇ. بۇ يەردىكى «قۇللىرى» دېگىنى پۈتۈنلەي كەمتەرلىكتىن ئىبارەت. دوستلارنىڭ، يېقىن تونۇشلارنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا بارسىڭىز، ساھىبخان ھامان «خۇش كېلىپسىز»، «كەلگىنىڭىز ناھايىتى ياخشى بولدى» دەپ قارشى ئالىدۇ. مېھمان كېتىشتىن ئىلگىرى، ئالدى بىلەن ساھىبخاننىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى كېرەك، كۆپ ھاللاردا، «خوشلىشىشقا ئىجازەت بەرگەيسىز» ياكى «سىزگە كۆپ ئاۋارىچىلىق كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلمايمەن» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىدۇ. پارس تىلىدا «خەير-خوش» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا «خۇدايىمغا ئامانەت» دېگەن سۆز قوللىنىلىدۇ. بولۇپمۇ كىشىلەر سەپەرگە چىقماقچى بولغاندا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى شۇنداق دەپ ئۇزىتىدۇ. سەپەرگە ماڭغۇچى بولسا، «خۇدا ساقلىغاي» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. كىشىلەر يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان مەلۇم ئىشقا بولغان ئۈمىدىنى ئىزھار قىلىشتا، ھەمىشە «خۇدا خالىسا» ياكى «خۇدايىم بۇيرۇسا» دېگەن سۆزنى قوللىنىدۇ.

پارسلار ئەزەلدىن چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىشتەك گۈزەل ئەخلاقنى يېتىلدۈرگەن. ھەم مۇشۇنداق

پەرزەنتلىرىنى يېتىلدۈرۈشنى ئۈچۈن پەخىرلىنىدۇ. چوڭ ئائىلىلەردە، كىچىكلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاتا - ئانىلىرىغا تولىمۇ ھۆرمەت قىلىدۇ، بولۇپمۇ دادىسىغا بەك ھۆرمەت قىلىدۇ. دادىسى بار سورۇنلاردا، ئوغۇل بولغۇچى ئاساسەن ئولتۇرمايدۇ. چوڭلار ئۆينىڭ تۆرىدە ئولتۇرىدۇ، كىچىكلەر بولسا ئۈششۈكتە ئولتۇرىدۇ. باللار ئاتا - ئانىلىرى ئالدىدا بەكمۇ ئەدەب ساقلايدۇ، سۆزلىگەندە ئىززەت - ئىكرام بىلەن سۆزلەيدۇ. ئوغۇللار دادىسىغا خەت يازغاندا ياكى دادىسىنى تىلغا ئالغاندا، ھامان دادىسىنى «ئۇستاز» ياكى «ئەپەندى» دەپ ئاتايدۇ. باللار ئانىسىنىمۇ ناھايىتى ھۆرمەت قىلىدۇ. باللار ھەرگىز ئۆز ئانىسىنى جەبرى - جاپا چەككۈزمەيدۇ. ئانىنىڭ ئىرادىسى باللار ئۈچۈن خۇددى قانۇندەك مۇقەددەس. ئائىلە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، ئوغلىنى ئۆيلەش قاتارلىق ئىشلاردا، ئانا بولغۇچى ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. پارسلاردا، قېيىن ئانا ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر. كۈيئوغۇللار ئومۇمەن قېيىن ئانىنىڭ سالامەت ياشىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇلار: قېيىن ئانام ئايالىمنىڭ ئىپپەت - نومۇسىنى ساقلىشى جەھەتتە مۇھاپىزەتچىلىك رولىنى ئوينايدۇ، دەپ قارايدۇ.

## پارسلارنىڭ نورۇز ئۆتكۈزۈش ئادەتلىرى

نورۇز بايرىمى — ئىراننىڭ ئەڭ چوڭ ئەنئەنىۋى مىللىي بايرىمى. ئىراننىڭ دۆلەت تىلى — پارس تىلىدا، «نورۇز» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «يېڭى بىر كۈن» دېگەن بولىدۇ. قەدىمكى زامانلاردا ئاتەش دىنى مۇخلىسلىرى (ئوتقا چوقۇنغۇچىلار) فەرۋەردىن ئېيىنىڭ 1 - كۈنىنى قۇياش ئۆغۈلغان كۈن دەپ قارىغان ئىكەن. شۇڭا، كىشىلەر مۇشۇ كۈننى «نورۇز»، يەنى يېڭى بىر كۈن دەپ ئاتىغان ئىكەن.

نورۇز بايرىمى ئىران كالېندارى بويىچە فەرۋەردىن ئېيىنىڭ 1 - كۈنى (يەنى ئىران كالېندارى ھېسابىدا 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى) باشلىنىپ 13 - كۈنى ئاخىرلىشىدۇ. بۇ، مىلادى كالېندارى ھېسابى بويىچە مارت ئېيىنىڭ 21 - كۈنىدىن ئاپرېل ئېيىنىڭ 2 - كۈنىگىچە بولغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ، يەنى دۆلىتىمىزنىڭ قەمەرىيە كالېندارى ھېسابىدا باھار پەسلىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ مەزگىل ئىراندا قەھرىتان قىش كېتىپ، كەڭ جاھان باھار ئىللىقلىقىغا چۆمگەن، پۈتكۈل كائىنات جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە تولغان مەزگىل بولۇپ، شۇڭا پارسلار ئۇنى يېڭى بىر يىلنىڭ باشلىنىشى دەپ قارىغان.

نورۇز بايرىمى ئىراندا نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە. رىۋايەت قىلىنىشىچە، نورۇز بايرىمىنى پارسلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادى بولغان ئارىيالار بەرپا قىلغان ئىكەن. ئەڭ دەسلەپتە پارس تىلىدا «باھار بايرىمى» دەپ ئاتالغان ئىكەن. قەدىمكى زاماندا، ئارىيالار بىر يىلنى ئىسسىق پەسىل ۋە سوغۇق



پەسىل دەپ ئىككىگە ئايرىغان ھەم ھەر پەسىلنىڭ باشلىنىشىدا بىر بايرام ئۆتكۈزگەن. ئۇلار ئاشۇ ھەر ئىككى بايرامنى يېڭى يىلنىڭ باشلىنىشى دەپ ھېسابلىغان. بىرىنچى بايرام ئىسسىق پەسىلنىڭ باشلىنىش ۋاقتىدا، يەنە كىشىلەر مال - چارۋىلارنى قوتان، ئېغىللاردىن ھەيدەپ چىقىپ، ئوت - چۆپلەر ئۆسكەن يايلاقلارغا قويۇۋەتكەن چاغدا ئۆتكۈزۈلگەن؛ يەنە بىر بايرام سوغۇق پەسىلنىڭ باشلىنىش ۋاقتىدا، يەنى، كىشىلەر مال - چارۋىچىلارنى قوتان، ئېغىللارغا سولاپ، قىشلىق يەم - خەشەك تەييارلاش ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈلگەن. نورۇز بايرىمى ئەنە شۇ ئىككى بايرامنىڭ بىرى ئىكەن. بۇ ئىككى بايرامدا، كىشىلەر داغدۇغىلىق تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزىدىكەن. بۇ ئەنئەنە تاكى ھىجرىيە 467 - يىلىدىكى (تەخمىنەن مىلادى 1088 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ) سەلجۇق خاندانلىقى دەۋرىگىچە داۋام قىلغان. شۇ چاغدىن باشلاپ، «نورۇز» رەسمىي يوسۇندا ئىران يېڭى يىلىنىڭ 1 - كۈنى، يەنە ئىراننىڭ باھار بايرىمى قىلىپ بېكىتىلگەن.

پارسلارنىڭ ئادىتى بويىچە، ئىران كالېندارى 12 - ئاينىڭ ئەڭ ئاخىرقى چارشەنبە كۈنىدە ئوتتىن ئاتلاش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئۇ ئەمەلىيەتتە نورۇزنىڭ مۇقەددىمىسى ھېسابلىنىدۇ. ھارپا ئاخشىمىدا، كىشىلەر پۈتۈن ئائىلە بويىچە بىر يەرگە جەم بولۇپ، بىرلىكتە غىزالىنىدۇ. بارلىق ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك پولۇ يېيىلىدۇ. نورۇز كۈنى بولسا لەغمەن يېيىلىدۇ. بۇ، يېڭى يىلنىڭ باشلىنىشىدىلا ھەممە ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق، كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشىغا سىمۋول قىلىنىدۇ. قول ئىلكىدە بار ئائىلىلەر قوشنىلىرىغا ۋە نامرات كىشىلەرگە گۈرۈچ، ياغ سەدىقە قىلىدۇ.

نورۇز كۈنى، ھەممە ئائىلىلەر بىردىن شىرە قويۇپ، ئۈستىگە يەتتە خىل نەرسە تىزىدۇ. بۇ نەرسىلەرنىڭ پارسچە ئاتىلىشىنىڭ بىرىنچى ھەرپى «سىن» دىن باشلانغان بولۇشى شەرت. شۇڭا ئۇ شىرە «ھەپتە سىن» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ نەرسىلەر ئالما، بۇغداي مايسىسى، ئاچچىقسۇ، سامساق، ئالتۇن - كۈمۈش تىللا تەڭگە، دورا - دەرمان، بۇغداي ئۈندۈرمە شېكىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. قەدىمكى ئىراندا، كىشىلەر ئاتەش دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، ئاتەش دىنى ئەقىدىسىدىكى نۇر، دۇرۇسلۇق، بەخت، ياخشى يېمەكلىك، كۈچ - قۇۋۋەت، ئېتىقاد ۋە چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىشنى يەتتە پەرىشتە دەپ قارايتتى. ئۇلارنىڭ نامىنىڭ بىرىنچى ھەرپى «سىن» بىلەن باشلىنىدىغان بولغاچقا، پارسلار يۇقىرىدىكى «سىن» ھەرپ بىلەن باشلانغان يەتتە نەرسىنى يەتتە پەرىشتىنىڭ سىمۋولى قىلىپ چوقۇناتتى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ يەتتە نەرسە يېڭى مەزمۇن ۋە مەنىگە ئىگە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ يېڭى بىر يىلدا زىرائەتلەردىن مول ھوسۇل ئېلىش، تۇرمۇشنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش، ئاسايىشلىقتا ياشاش ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدىغان بولدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان يەتتە نەرسىدىن باشقا، شىرەلەرگە يەنە پارسلارنىڭ ئاساسىي يېمەكلىكلىرىدىن نان، قۇرۇت، قايماق، توخو گۆشى، بويىغان تۇخۇم ۋە يەنە ئەينەك، شام، تىرىك بېلىق تىزىلىدۇ.

ھارپا ئاخشىمىدىكى غىزادىن كېيىن، چوڭلار ئوتتۇرىدا ئولتۇرىدۇ، ئائىلىنىڭ باشقا ئەزالىرى ئۇلارنى چۆرىدەپ ئولتۇرىدۇ. ئۇلار بىر - بىرىنى مۇبارەكلىشىپ، بىر - بىرىنى سۆيىدۇ. ئاندىن كېيىن، چوڭلار كىچىكلەرگە نورۇز سوۋغىسى تەقدىم قىلىدۇ. ئائىلە باشلىقلىرى ۋە بالىلار ئائىلىدىكى چاكارلارغا سوۋغا تەقدىم قىلىدۇ، پۈتكۈل ئائىلە بايرام شادلىقىغا چۆمىدۇ.

نورۇز باشلانغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى ئۈچ كۈن ئىچىدە، ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەر ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇپ، يوقلاپ كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋالىدۇ، ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئۇلار ئۆيلىرىدىن چىقىپ، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنى يوقلاپ

بارىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئادەتتىكى پۇقرالار دەسلەپتىكى ئۈچ كۈندە ئۆيلىرىدىن چىقىپ، باشقىلارنى يوقلايدۇ، كېيىنكى ئۈچ كۈندە بولسا، ئۆيىدە تۇرۇپ كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋالىدۇ. كىشىلەر بىر - بىرىنى يوقلاپ، ئۆزئارا مۇبارەكلىشىپ، بىر - بىرىنى سۆيۈشىدۇ. پارسلارنىڭ قارىشىچە، نورۇزدىكى سۆيۈشۈش — ئۆزئارا يارىشىش سۆيۈشىشى بولۇپ، ئۇ بىر يىلدىن بۇيانقى ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت، ئوقۇشماسلىق ۋە ئازارلىقلارنى تۈگىتىدۇ. چۈنكى «نورۇز»نىڭ ئۆزى يېڭى بىر باشلىنىشتىن، قەبىلەر بىلەن قەبىلەر ئوتتۇرىسىدىكى يارىشىش ۋە يېقىنلىشىشتىن دېرەك بېرىدۇ.

نورۇزدا، ئىرانلىقلارنىڭ سىرتقا چىقىپ ساياھەت قىلىشى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلىدۇ، بەزىلىرى سىرتقى جايلارغا، بەزىلىرى چەت ئەللەرگە بارىدۇ. نورۇز بايرىمى ئۆز ئۆتىدە يەنە ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ توي بولىدىغان سائادەتلىك كۈن ھېسابلىنىدۇ. مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان قىز - يىگىتلەر نورۇز كۈنلىرىدە نىكاھ قىلدۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ كىچىك ئائىلىسىنى بەرپا قىلىدۇ.

نورۇزنىڭ 13 - كۈنى، بارچە ئائىلىلەردىكى ئەر - ئايال، قېرى - ياش ھەممەيلەن ئۆيلىرىدىن ئايرىلىپ، سەھراغا چىقىپ كېتىدۇ. چۈنكى پارسلارنىڭ قارىشىچە، «13» پېشكەللىك كېلىدىغان كۈن، مۇشۇ كۈنى جىن - ئالۋاستى ۋە بالايى - قازا كىشىلەر ئارىسىغا يېتىپ كېلىدىكەن، ئەگەر كىشىلەر ئۆيىدىن چىقىپ كەتسە، يېتىپ كېلىدىغان پېشكەللىكنى ئۆينىڭ سىرتىدا توسۇۋېلىپ، ئائىلە ئەزالىرىنى بالايى - قازادىن ئامان ساقلاپ، يېڭى بىر يىلنى ئامان - ئېسەن ئۆتكۈزگىلى بولىدىكەن.

كىشىلەر خۇشال - خورام ھالدا سەھرادىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 13 كۈن داۋام قىلغان نورۇز بايرىمى ئاخىرلىشىدۇ.

## دانالار خەزىنىسىدىن

يېيىمىز، سۆيىمىز، پەرزەنتىمىز دەپ،
خوتۇن، بالا - چاقا، دىلبەندىمىز دەپ،
بىرمۇبىر جېنىمىز قىلىمىز پىدا،
ۋەتەننى دۈشمەنگە بەرمەيمىز ئەسلا!

— ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىي

تار ئۆتنۆكتىن ياخشىدۇر يول يۈرگىلى يالىڭاياغ،
مۇساپىرلىق ئەلادۇر جەڭ بولسا ئۆيدە ھەممە ۋاق.

— سەئدىي شىرازىي

قەيەز خاھ پىل سۆڭەكتۇر، خاھى تىللا،
چىبكەر قۇش بوستان دەردىنى ئەنھا.

— خۇسراۋ دېھلەۋىي

توغرا ئويلاپ توغرا يۈرگەن ھەر كىشى،
بىلگىنكى، مۇستەھكەم ئۇنىڭ ھەر ئىشى.

— خوسراۋ دېھلەۋىي

كىمكى پايدا ئىزدەپ ۋەتەندىن كېتەر،
باشقىغىمۇ كۆڭۈل قويالماي ئۆتەر.
ئۈچقۇن تاشتىن ئاجراپ چىققاندىن كېيىن،
قانچە ماختىمىغىن، بەربىر ئۆچەر.

— ئابدۇقادىر بېدىل

مەۋجۇد بولساڭ ۋەتەننى قىلغىن ھىمايەت،
قان بىلەن يۇيۇلسىمۇ گۇناھ - جىنايەت.

— ئوبۇلقاسىم لاھۇتىي

(ئابدۇقېيۇم ئوبۇل تەييارلىغان)



# قاراڭغۇ ھاڭ

(ھېكايە)

ئەخمەتجان ئوسمان

1

مەن كۆنلەرنىڭ بىرىدە قايتا بۇ قارارغا كېلمەن. دېرىزىنىڭ سىرتىغا ئۇزاق نىگاھ تاشلىغان كۆزلىرىم گويا جىلغىلاردا ئۆزارغان سايىسىنى سۆرەپ كېتىۋاتقان بۇرىدەك ئۆززۈمگە قايتىپ كەلمەكتە. كېچە ئۆزىنىڭ جاراھەتلىك سۆكناتىنى ياپراقلاردىن تېرىۋالماقتا ھەمدە ھېلىلا تاڭ سۆزۈ-لىدۇ. . . بەلكى قۇشلارمۇ چۈش كۆرۈۋدىغاندۇ، شۇن-داقتىمۇ كوچا چىراغلىرى خېلى ئۆزۈنغىچە ئۆچمەيدۇ.

تاماكا ئوراپ ئۆتاشتۇرغىچە ۋاقىت ئۆزىنى قايتا ئەسلىۋالدۇ. . . ناۋادا مەن چۈنن بولسام، شۇدەم نەزىرىمنى ئۆزىگە يىغقان كۆلدان مەۋجۇتلۇق شەكلىنى ئۆزگەرتكەن بولارمىدى؟ ئۆتۈن ھەممىنى ئىسخجاملايدۇ، ھەتتا ئەلىبىر كامۇسىنىڭ بىمەنىچىلىكىمۇ ئارتۇقچە نەرسە، كىم كىمنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئاقلىيالايدۇ؟! ئىنسانىيەت زاماندىن ئىبارەت بۇ خاتالىقنى سادىر قىلغان ئىكەن ئۆزۈە قىلىشىنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى يوق، چۈنكى دەرەخلەر يەنىلا شۇ پېتى، قۇملار يەنىلا كۆچۈپ يۈرمەكتە.

تاڭ سۆزۈلدى.

بەزىلەر خورازنىڭ چىللىشىدىن ئۆز ھاياتىنىڭ مەنىسىنى تاپىدىكەن، ئەنە شۇنداق بەختلىك ئىنسانلارمۇ مەۋجۇت. بىراق مەن تەقدىرىمگە ئۆز قولۇم بىلەن خاتىمە بېرىمەن.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە قايتا بۇ قارارغا كېلمەن.

2

ئارام، بارلىق ئارام ئوۋ ئوۋلاش بىلەن شۇغۇللانغان كىشىگە مەنسۇپ.

ئۆنىڭ دۇنيادا بىردىنبىر ھەۋەس قىلىدىغىنى ئوۋ مىلتىقى. ئۆيىمۇ ئوۋ مىلتىقى تەئەللۇقاتلىرى مۇزېيخانىسى، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە چايخانىدا ئولتۇرۇپ قالساڭ، ساڭا ھېرمان مېلۋىلنىڭ «موبىدىك» رومانىنى قانغىچە ماختاپ بېرىدۇ.

— ئولجا مۇھىم ئەمەس، — دەيدۇ ئۇ قىزىققان ھالدا — ئىنسانى غۇرۇرىڭنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئولجاڭ بىلەن ئېلىشىسەن، ئاخىلدەك ياشاش كېرەك، بۇرادەر!

بىر قېتىم ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: «دۇنيا ھەقىقەتەن قىزىقارلىق، ھاياتنى مەنىسىز دېمە، بۇنداق شائىرلىقنىڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. . . كۆنلەرنىڭ بىرىدە دېڭىز تامان يول ئالىمەن، ئۇندا بۈيۈك ئولجام بىلەن بىر ئۆمۈر ئېلىشىشقا جېنىمنى تىكىمەن!».

ناشتا قىلىپ ئولتۇرۇپ، بۇلارنى ئويلاپ قالدىم. ھاياتىغا مەنە ھېس قىلغان ئوۋچىغا ئاپىرىن! خىيال

سۈرگەن هالدا ئايالىمغا نەزەر تاغدۇردۇم. مەن تونى سۆيمەمدىم؟ ئۇنىڭ بىلەن ئۇنتۇلمىغۇت جۇدالىشىپ، قانداقتۇر بىر جايغا كەتسەمچۇ نەگەر؟! نىمىشقا ئۇ ئۇۋلاش مېنى تۈزىگە جەلپ قىلالمايدۇ؟ نىمە ئۈچۈن مەن هازىر تۇرمىدە بولماي ئۆيۈمدە ئايالىم بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ئاشنا قىلمىغاتمەن؟ بىرئازدىن كېيىن، تۈيدىن چىقىپ، ئۇچرىغان بىرسىگە پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرسەم ياكى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ مېنى ماشىنا دەسسىۋەتسە بۇنىڭ پەرقى نىمە؟!

ئايالىمغا قايتا تىكىلدىم. . .

تونىڭ ئورنىدا ناتونۇش بىر خوتۇن بولغان بولسا، مەن ئۈچۈن يەنىلا بەرىبىر ئەمەسمۇ؟ مەن نىمە ئۈچۈن بۇ يەردە، هازىر؟!

كەينىمدە ئىشىك يىپپىلغاندەك، ئايالىم لىۋىمدىن سۆيۈپ قويدى.

3

ئويلىرىمدا ئىزىپ يۈرسەممۇ، ئىككى پۇتۇم مېنى نەگە باشلاپ ئاپىرىدىغانلىقىنى بىلدۇ. دادامنىڭ قىزىقارلىق تۈلۈمى توساتتىن ئېسىمگە كەلگەندە كۈلۈپ سالدىم بولغاي، ئالدىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرەيلەن ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

مەن تۇ چاغدا 7 — 8 ياشلاردا ئىدىم. . . شۇ ئاپتا ئاپتوبۇس بېكىتىدە كۈتۈپ ئىچىم پۇشماقتا. . . دەرەخكە ئىلىنىپ قالغان لەگلەكمگە قولنى تۇزاتقان دادام شاخنىڭ سۇنغان ئاۋازى بىلەن تەڭ يەرگە يىقىلدى. . . ئالدىمدا كۆرۈنگەن دۇكاندىن بىر قاپ تاماكا سېتىۋالدىم. . . چاچ ئارىسىدىن ئېقىپ چىققان قان بىلەن بۇلغانغان قولۇمغا قارىغان پېتى ئۆيگە كىرىپ، ئاپامنى چاقىرىپ چىقتىم، بىر قانچە قوشنىلار ماشىنغا چىقىشىپ دادامنى ئېلىپ كېتىشتى. . . ئاچقۇچنى سۇغۇرۇۋېلىپ ئىشىكنى ياپتىم - دە، ئىش ئۈستىلىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردۇم. . . «دوختۇرخانىغا بارغۇچە جېنى چىقىپ بوپتىكەن» دېدى ئاپام ئاق داكىدا

يېشىنى ئەرتىپ. . .

جىرىڭلىغان ئاۋازدىن كېيىن، تېلېفون بىر نىمىلەرنى پىچىرلاپ كەتتى. قاچاندىن بېرى بۇ يەردىكىن، بىلمىدىم، ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال ئالدىمدىكى سافادا ئولتۇراتتى. «مەن ئايالللارنىڭ يالىڭاچ تۇرقىنى سىزىمەن». ئايالىم كېچىلىرى داۋاملىق يالىڭاچ تۇخلايدۇ. كاتىپ قىزنىڭ سۇنغان چېيىنى ئالغان چوكان بىر نىمىلەرنى دەۋاتاتتى. مودېللىرىنى قانداق تاللايدىغاندۇ؟ «مەن تۈزۈمنى مودېل قىلىپ تۇرۇپ بەدەن تەپسىلاتلىرىنىڭ گارمونىيىسىنى رەسىمدە ئەكس ئەتتۈرىمەن». شىركىتىمىزنىڭ ئاممىۋى مۇناسىۋەت ئىشلىرىغا بىر ئايال جىنس كېرەك ئىدى، مەن چوكانغا سەپسىلىپ قارىدىم. «سىزنىڭ شېئىرلىرىڭىزدىن زوقلىنىمەن». ئىچىمدىكى ياۋا مەخلۇقاتلار مىدىرلىماقتا ئىدى.



سىزنىشقا ئىبگىنىشلىك قىزلىق تەپسىلاتقا ئىگە بەدەن، ئىشخانىدىن چۈشلۈك تاماققا چىقىۋېتىپ ئويلىدىم. قولتۇقىنىڭ پۇرۇقى مېڭىمدىن كەتمىگەن بولسىمۇ، ئىسمىنى ئەسكە ئالالمىدىم.

4

سىرتتا سىم ـ سىم يامغۇر يېغىۋاتىدۇ. مەن قىزىمغا ئايالىم بۇيرۇتقان ئويۇنچۇقنى سېتىۋالدىم، ئۇ سافانىڭ بىر تەرىپىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئاستا يەرگە سىيرىلىپ چۈشۈپ ماڭا قاراپ ھاۋشىغاندەك قىلدى. شۇ تاپتا ئىشخانىدا ئۇنىڭ بىلەن ئىككىلەنلا قالدۇق. مەنمۇ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىغانچە ئىككى قولۇمنى بېشىمدا پۇلاڭلىتىپ ھاۋشىپ قويدۇم. «پەقەت سۆيگۈلا دۇنيادا بىردىنبىر نەرسە» ئايالىمنىڭ بۇ سۆزى ئېسىمگە كېلىپ قالدى.

— مەن پەرىشان، بەلكى خاتا تۇغۇلغاندىمەن، — دېدىم مەن.

— ھاياتىڭدا بىر نەرسە ئىزدەيسەن، شۇڭا سەن پەرىشان. مەن ئۇنىجى قېتىم سەن بىلەن ئۇچراشقاندا بۇنى ھېس قىلغان ئىدىم. بەلكى مۇشۇ سەۋەبتىن سەن بىلەن ياشاشنى خالىدىم. سېنىڭ كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۆزۈڭنى ئۇلتۇرۇۋېلىشىڭدىن ئەنسىرىدىم. . .

ئۇ مېنىڭ بۇ قارارىمنى سەزگەن ئىدى. بىز تونۇشقاندىن بۇيان تاكى بۈگۈنگە قەدەر ئۇ مېنى پەرىشتىدەك كۆتۈپ كەلدى، ئاڭا بولغان مەجبۇرىيىتىمنى ئىمكان قەدەر ئادا قىلىپ كەلدىم. بىراق، مەجبۇرىيەت ئۈچۈن ياشاش ئىنسانغا نىسبەتەن دوزاقتىن ئىبارەت. «سۆيگۈ ئۇنداق ئەمەس» دەيدۇ ئۇ كۆزۈمدىن قانداقتۇر بىر نەرسىنى ئۇتتۇنگەندەك. ئىچىم سىقىلغاندەك بولۇپ، دېرىزىنىڭ بىر قانىتىنى ئۇلۇغ ئېچىۋەتتىم، سالقىن ھاۋا يۈزۈمگە ئۇرۇلدى. ئۈستەل ئۈستىدىكى تېلېگراممىا قەغىزى يېنىك تەۋرىنىپ تۇراتتى، كۆزۈمگە ئويۇنچۇق ئىت چېلىقتى، ئۇ ماڭا ئۇخلاپ قالغاندەك تۇيۇلدى. بىسمنى بويلاپ ئاغقان

نەزەرىم قەغەزلەر ئۈستىدىكى ھورۇن مۈشۈكتەك تۈگۈلۈپ ياتقان تېلېفۇندا توختىدى. شۇ تاپتا كاللام قۇرۇغدىنىپ قالغاندەك، ئەتراپىمنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغاندەك بولدى. مەن گۈرنى تەسەۋۋۇر قىلدىم. «سۆيگۈ خۇددى قاراڭغۇلۇقتىكى مۇزىكىغا ئوخشايدۇ». ئايالىمنىڭ مۇلايىم چىرايىنى ئەسلەپ بېقىشقا تىرىشتىم، ئۆزۈمنىڭ تىرىكلىكىمنى ئىدرەك قىلىش ئۈچۈن بارماقلىرىمنى مىدىرلىتىپ باقتىم.

گۈزىنىڭ جىمجىتلىقىنى تېلېفوننىڭ جىرىڭلىغان ئاۋازى بۇزدى.

جىرىڭلاش خېلى ئۇزۇنغىچە تەكرارلاندى.

5

ئىشخانىنى ئېتىپ كوچىغا چىققۇچە ئۇرغۇن چىرايلارنى ئۇچراتتىم. باش دىرېكتورنىڭ بىر قانچە سوئالىغا بەرگەن جاۋابىم ئورۇنلۇق بولمىدىمۇ ئۇ سەل قورۇنغاندەك بولۇپ لىبىستكە چىقتى. يېرىمنى چېكىپ تۈگەتمىگەن تاماكامنى ئايىغىم ئاستىغا ئېلىپ ئۇچۇردۇم ـ دە، پەلەمپەيدىن چۈشتۇم. ھايات بارلىق بۇ ئالدىراشچىلىقلارغا ئەرزىمدۇ؟ ئۇلارنىڭ زامانغا بولغان ئۇيغۇسى نەقەدەر زور؟! ھەممە جاي ماڭا ئۆزىنىڭ سېسىۋاتقانلىقىدىن باشقىنى ھېس قىلدۇرمايدۇ، ئاداققى بىر تال تاماكىنى ئۇتاشتۇرۇپ، قاپنى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىدىم.

كوچا ماشىنىلار دۆۋىسىگە ئايلانغان ئىدى.

مەن پىيادە يۈردۈم. ھەممە نەرسە ماڭا يوچۇن كۆرۈنمەكتە، بىر نەچچە تىلەمچىنى ھېسابقا ئالمىغاندا سالىمى بىلەن مېنى ئاۋارە قىلىدىغان بىرەرسىنى ئۇچراتمىدىم. شۇ تاپتا مەندە بىرلا ئىستەك مەۋجۇت: ئۆيگە يېتىپ بارغۇچە بۇ يولدا بىر ئۆمۈر ماڭسام دەيمەن! كىشىلەر ئۆز ھاياتىدا سۆيگەن نەرسىلىرىنى تېپىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆمۈرمۇشى بىر خىل ئادەتكە ئايلانغان. رەستىدە مەن بىلەن بىللە كېتىۋاتقان رىشاتكىغا قاراپ تېنىم شۈركەنگەندەك بولدى. . . ئۇت كوچا دوقمۇشىدا رەڭگارەڭ چىراغلارغا قاراپ بىر ھازا تۇردۇم، قەبرىلەر يادىمغا يېتىپ، ئىچىم

ئازراق بوشىغاندەك بولدى.

قىزىمنىڭ ئويۇنچۇقىنى تۇتۇپ قاپتىمەن.

6

كەچقۇرۇن مېنى سەگەكلەشتۈرىدۇ، ئۆزۈمگە قايتىپ كەلگەندەك بولىمەن. باغچىغا كىرىپ تاش ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم. دەرەخلەر گۈگۈمغا ئاستا - ئاستا چۆكمەكتە. . . ئالدىمدىكى تاش ئۈستەلدە قۇرت ئۆمىلەپ يۈرەتتى، «ھايات ھەممىگە ئەرزىيدۇ». . . تېنىمدىن كۆتۈرۈلگەن ئاچچىق پۇراق دىمىقىمغا ئۇرۇلغاندەك سەسكىنىپ كەتتىم. بەلكى كۆرگەم رەسىملەرنى سىزىدىغاندۇ. . . ھەممە نەرسە ئۆزىنىڭ مۇقەررەر تەقدىرىدە ئاياغلىشىدۇ، مانا بۇ قۇرت، ھاياتىنىمۇ قۇدرەتلىك، گويا كۆڭۈلدىكى سۈرەتىمىزدە بىز ئۆتۈپ كەتكەن جەۋھەر، ئۇ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئاقلاشقا مەجبۇر ئەمەس، شۇنداقلا، ئەبەدىيلىكتە ئاڭا بەرگەن ۋەزىپىسىنى قېتىرقىنىپ ئورۇندايدۇ. مەن ئۆتكىلى بولمايدىغان ھاڭنىڭ ئالدىدا تۇرىمەن، كەينىمدە ھاياتنىڭ مەنىسىز چوقانى، ئالدىمغا بىر قەدەم ماڭسام قاراڭغۇ ۋە ئىمتاس ھاڭغا چۈشۈپ كېتىمەن. ئەي، باتۇر ئوۋچى، مەنمۇ قۇرت بىلەن ئېلىشىۋاتىمەن، ئىنسانىي غۇرۇرىمغا قايىل بولغۇدەك ھاياتقا ئېرىشىشنى ئىستەيمەن. ھاڭ خۇددى قورۇتەك مېنى غاجىماقتا، بىچارە تەقدىرىمنى بەلگىلىمەكتە. ھاياتىمنى ئۆز قولۇمدا باتۇرلارچە تاماملىشىم كېرەكمۇ، ياكى، بۇ ھاڭدىن قانداقسىگە سۆيگۈگە ئۆتىمەن؟! ئايالىمنى ھەقىقىي سۆيسەم دەيمەن، قىزىمنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ھوزۇرلانغۇم بار، بۇ دەرەخلەرنى، كىشىلەرنى، خىزمىتىمنى سۆيگۈم كېلىدۇ، ھەر قانداق ئايالنى قۇچاقلىغاندا بارلىقىمنى ئاڭا بېغىشلىغۇم كېلىدۇ، بىراق، ھاڭ مېنى زەئىپلىمەكتە، قورت مەندىن غالىپ كەلمەكتە. «كۆڭۈللەرنىڭ بىرىدە مۆجىزە يۈز بەرگەندەك ئىچىمنىڭ ئۆشتۈمتۇت يورۇپ كېتىدۇ». ياپراقلارنىڭ شىلدىرلىشى ماڭا بىر دەملىك ئارام بەخش ئەتتى.

باغچىدا تەنھا دەرەخ ئىدىم.

سايەمگە قارىدىم، ئەسىرلەر ئېغىرلىقىنى يۈدۈپ كېتىۋاتقاندەك يىقىلىپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ ئاستا قەدەم تاشلاۋاتاتتى. سايە بارا - بارا ئۇزاپ، ئىتلارنىڭ ھاۋشىلىرىغا قوشۇلۇپ قاراڭغۇلۇققا سىڭىپ كەتتى.

# ئىككى نەسر

تاگور

1

ئەخمەق، ئېغىرىڭنى ئۆز زىممەڭدە كۆتۈرۈپ يۈرگۈنىڭنى قارا! دىۋانە، ئۆز ئىشىكىڭ ئالدىغا كېلىپ تىلەپ يۈرگۈنىڭنى قارا!

مەجبۇرىيەتلىرىڭنى ھەممىگە قادىر بىر قولغا تاشلاپ بەر، پۇشايمان ئىچىدە ئارقىغا قارىمايدىغان بول.

ئەپسانىيەت ئىنىقلىرى چىراغقا تەگكەن ھامان، ئۇنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرىدۇ. ئەپسانىيە تىچىلىك ھارام، ئەپسانىيە تىچىلىك بىلەن بۇلغانغان قولدىن ھەر قانداق ھەدىيەلەرنى ئالما، پەقەت مۇقەددەس سۆيگۈ تارتۇقلىغان نەرسە بولسىلا قوبۇل قىلغىن.

2

مەن ئۆزۈم يالغۇز يولغا چىقتىم، دىدارلىشىش مەنزىلىگە ئاتلاندىم. بىراق بۇ جىمجىت قاراڭغۇ كېچىدە ماڭا سوكۇتىشىپ كېلىۋاتقان كىمدۇر؟

مەن ئۆزۈمنى تارتىپ، بىر چەتتە ماڭدىم. بىراق ئۇنىڭدىن زادىلا قۇتۇلالمىدىم.

مەن بېشىمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قەدىمىمنى چوڭ - چوڭ ئېلىپ، توپا - چاڭ توزىتىپ ماڭدىم. مەن نېمە دېسەم، ئۇ قىقاس - سۈرەنلىرى بىلەن سۆزۈمگە يانتىشىپ كەلدى.

ئۇ — ئەسلى ئۆزۈمنىڭ كىچىككىنىلىگەن غايىۋى شەكلىم ئىكەنغۇ، ئاھ، تەڭرىم، ئۇ نېمىدىگەن ئۇياتسىز، ۋەھالەنكى مەن سېنىڭ ھوزۇرۇڭغا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كېلىشتىن ئۇيىلىمەن.

## 1993年第一期要目


### ●卷首语

人生总是自己的

### ●民族论坛

中央民族工作会议对中国民族理论的继承深化和发展　刘先照
对我国民族工作的一些建议　黄　飞
通知：完善自治制度的新步骤　黄忠彩

### ●文化动态

中国维吾尔十二木卡姆在首都　吾布力卡斯木

### ●调查与探讨

调整完善区域政策，促进地区经济协调发展　张文合

### ●说说我的民族

丝绸之路新开发与“驼鸟”精神　阿布都许库尔·穆汗莫德伊明
维吾尔族与花　阿布都许库尔·玛合素提

### ●知识荟萃

证卷资本有那些特点　穆汗莫德·库尔班

### ●天南地北

我国西部明珠——阿拉陶口岸　艾合买提江·尼亚孜

### ●民族法制

健全民族法的监督机制　李云昌

### ●民族教育

振兴民族教育是现代化建设的必然要求　穆汗莫德·库都斯

### ●历史人物

琵琶巨匠——曹妙达　阿布力孜·穆汗莫德沙依拉木

### ●世界民族

伊朗人的风俗　穆拉德

### ●花　坛

深渊、　艾合麦德·欧斯曼
两则散文　泰戈尔

### ●艺　苑

喀群少女　奴尔丁（封面）
维吾尔木卡姆在首都　袁冬平、马亚尼摄（封二）
维吾尔书法　阿布力克木（彩一）
阿曼尼沙汗墓和她的塑像　奴尔丁（封三）
我刊表彰发行先进集体与个人剪影　乌布力、木合塔尔摄



民族团结

（维吾尔文）

●主编
伊德里斯·巴拉提

●副主编
艾克巴尔·艾力

●责任编辑
哈米提·尼格买提

●出版
中国民族团结杂志社

●编辑
民族团结杂志社维编部

●地址
新疆乌鲁木齐市友好南路22号
邮政编码：830000

●印刷
新疆日报社印刷厂

●发行
乌鲁木齐市邮局

●订阅
全国各地邮局

●国外总发行
中国国际图书贸易总公司
国外代号：BM4270

●全国统一刊号
CN11——1557

●邮政发行代号
58——117



1992 - يىلى 8 - ئايدا
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى
مۇقام يۇرتى - يەكەن ناھىيىسىدە
پۈتۈن ئۆمرىنى ئۇيغۇر مۇقام
ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، مۇقامنى
كەڭ تۈردە قېلىپلاشتۇرۇپ،
مۇقىم، تۇراقلىق تۈزۈلۈش
بويىچە رەتلەپ
يۈرۈشلەشتۈرگەن خانىش
ئامانىساخاننىڭ ھەيكىلى
قاتتۇرۇلدى ۋە قەبرە گاھى
تۇرغۇزۇلدى.

تۇردۇن فوتوسى













## ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى توپلاشتىكى ئىلغار ئورۇن ۋە شەخسلەر مۇكاپاتلاندى

ژۇرنىلىمىز 1992 - يىلى 10 - ئايدا خوتەن ۋىلايىتى، قاغىلىق ناھىيىسى قاتارلىق جايلاردا مەملىكەت بويىچە ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى توپلاشتىكى ئىلغار ئورۇن ۋە شەخسلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنى چاقىردى. سۈرەتلەردە ژۇرنىلىمىزنىڭ باش مۇھەررىرى ئىدرىس بارات ئىلغار ئورۇن ۋە شەخسلەرگە لەۋھە ۋە خاتىرە بۇيۇم تەقدىم قىلماقتا.





دۆلەت ئىچىدىكى تىزىملىك نومۇرى: CN11 — 1557
«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ۋەكالەت نومۇرى: 117 — 58
（《民族团结》维吾尔文版）
باھاسى 1.00 يۈەن